

1992

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

6



قەدناسلار

پەرهات ئبراهسم سزغان

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

41-يىل نەشرى   1992-يىل 6-سان (ئومۇمىي 199-سان)


## بوستاندا

### مەخسۇس ماقالە


ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مۇقام سەنئىتىنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالايلى ........ مۇھەممەت زۇنۇن 2


### ئەدەبىيات گۈلزارى


ئوراۋۇق دالا ........ (ھېكايە) ........ توختى ئايۇپ 14


### دۇنياغا نەزەر


تارىم ۋادىسىدىن ئەرەفات تاغلىرىغىچە ........ ئەخمەت تۇردى 40


### ئەخلاق - ئادەم زىننىتى


ھېكمەتلەر ........ ئەلشىر نەۋائىي 76


### ئاممىۋى مەدەنىيەت سەپىدە


«ئۈتتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»كە كاپالەتلىك قىلغاندىلا، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقىلى بولىدۇ ........ ئۆمەر ھامۇت 77


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئامانىسا خانىمنىڭ يەكەن غەدىگەرلىك باغچىسىغا تىكلەنگەن ھەيكىلى. دىلمۇرات تۇردى ياسىغان. كۆرەشكۈسەن فوتوسى. رەسسام ۋە خەتتات: ئابدۇشۈكۈر كېرىم (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت


باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: قۇربان مامۇت، ساتتار توختى

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت







مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

**1**

يولداش جياڭ زېمىن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز»دە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈستىدە توختىلىپ: «جۇڭخۇا مىللىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇلۇغ مىللەت. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك. مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىنى ئېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ ۋە ئۇنى يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇپ،



كونىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىسىنى يارىتىپ، ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يارىتىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى توپ مەيدان ۋە تەلەپتۇر.

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان «12 مۇقام» ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا، ئۇ پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس، غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك، بىباھا مىراستۇر. ئۇ، ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي، ھوزۇر ئېلىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا، مۇقامنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مىللەتنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

«12 مۇقام» ئەلنەغمە، مەشرەپ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن قويۇق خەلق ئاھاڭلىرى خۇسۇسىيىتىگە، يارقىن مىللىي خاسلىققا، روشەن مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىككە، سىستېمىلاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىغا، مول ئاھاڭدارلىققا، مۇرەككەپ ـ قىيىن ئودار ـ رىتىمچانلىققا ئىگە. ھەر بىر مۇقام ئۆزگىچە كۈي شەكلى ۋە خىلمۇ ـ خىل ئاھاڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. «12 مۇقام»دىكى «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ»تىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قىسىملىق مۇزىكا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە سالماق باشلىنىپ، جانلىق ئېچىلىش، قىزغىن راۋاجلىنىش ۋە يېنىك چۈشۈرۈلۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىدە زوق ۋە ھاياجان قوزغايدۇ، ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

«12 مۇقام» مۇزىكىلىق بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا، پسىخولوگىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇ، جەمئىيەت كىشىلىرىنى ئىجتىمائىي ھەققانىيەت، پاك مۇھەببەت، ھالال تۇرمۇش، گۈزەل غايە، گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنى، شەكلى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئىلمىيلىكى، ئاممىۋىيلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇ خىللىقى، جەڭگىۋارلىقى، ئەخلاق ئىلمى، پسىخولوگىيە ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن ئىلمىي سەنئەتلىك رولى بىلەن جەمئىيەتكە ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھوزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئەڭگۈشتەرلىك رولىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

«12 مۇقام» ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىجاد قىلغان، بېيىتقان ئېسىل سەنئەت بولغانلىقى، خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ۋە قابىلىيەت ـ ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، باي تارىخىي مەنبەدارلىقى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتىكى باي مەنبە ۋە قۇرۇلماس بۇلاقتۇر.

## 2

خەلقىمىزنىڭ «12 مۇقام» دىن ئىبارەت تارىختىكى بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسىنى ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قەدىرلەش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت — ئېسىل مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئاساس، «12 مۇقام»نى مەنبە ۋە خۇرۇچ قىلغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى زامانىۋىلىق يولغا باشلاش، مۇقامنىڭ سەنئەت شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل تەلىپى بويىچە قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بۆسۈش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم نادىر مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى، بولۇپمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، شۇ ئاساستا، يېڭى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ۋارىسلىق قىلىش يېڭىلىق يارىتىش دېمەكتۇر. «12 مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن، مۇقامنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى ساقلىشىمىز، مۇقامنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتكە سىڭدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

«12 مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشتا تۆۋەندىكى ئىككى ئىش ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىش، دادىل سىناق ئېلىپ بېرىش لازىم.

**بىرىنچى، «12 مۇقام»نى داۋاملىق قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تولۇق يۈرۈشى بىلەن نەشر قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تەلىپى، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا:** «12 مۇقام» قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى ناخشا ۋە مۇزىكا شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەن ئىدى. تارىختىن بۇيان فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن پارچىلىنىش، ئۇنتۇلۇش ۋە يوقىلىش خەۋپىگە ئۇچرىغان، مۇقامچىلارمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن، شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە «12 مۇقام»نى بىر قەدەر تولۇق ئېيتالايدىغان ئىككى- ئۈچ نەپەرلا ياشانغان مۇقامچىلار قالغان بولۇپ «12 مۇقام» يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «12 مۇقام»نى جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا بۇ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىپ، ساقلاپ، دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن «12 مۇقام»نىڭ سىمغا ئېلىنغان نۇسخىسىغا ۋە ۋەنتۇڭشۇ قاتارلىق مۇزىكا خادىملىرى نوتىغا ئالغان، 1960 -

يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن مۇزىكا نەشرىياتى نەشر قىلغان ئىككى توملۇق «12 مۇقام» كىتابىغا ئاساسەن 41 يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىش، ئىشلەش ئارقىلىق «12 مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلدى. «12 مۇقام»نىڭ قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى تولۇقى بىلەن نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا. مۇشۇ ئاساستا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى «12 مۇقام»-نى خەلقئارا نوتا بىلەن نەشر قىلماقچى.

نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، «12 مۇقام»نى قېزىش،توپلاش، تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن نەتىجىلىك تاماملانغان بولسىمۇ، بۇ ئىلمىي خىزمەتنىڭ تېخى ئەلتۆكۈس تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يەرلىك مۇقاملار ۋە تۈرلۈك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ، مۇقام تەتقىقاتى تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا.

«12 مۇقام»نىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، مول ئاھاڭدارلىقى، مۇرەككەپ - قىيىن ئۇدار - رىتىمچانلىق خۇسۇسىيىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتقان «12 مۇقام»نى ئاساس قىلىپ، جايلاردىكى ئەلنەغمىچىلەر تارقاق ھالدا ئورۇندىغان مۇقاملاردىن پارچىلار ۋە خەلق ناخشىلىرىدىن بىر قىسمىنى مۇقاملارغا سەپلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھازىرقى رەتلەنگەن «12 مۇقام»نى تېخى تولۇق، مۇكەممەل، مۇقىم شەكىلگە كىرگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان بىردىنبىر نۇسخىسى دەپ ئېيتالمايمىز. ئۇزاق مۇددەتلىك سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەنىمۇ ئىزدىنىشىمىزگە، تولۇقلىشىمىزغا، مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. «12 مۇقام» ۋە يەرلىك مۇقاملارنى داۋاملىق يىغىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىكى ئىجادچانلىقنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، مۇقام ساھەسىدە مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدىكى ئىجادچانلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، يېڭى - يېڭى مۇقاملارنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق مۇقام مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ئاتاقلىق مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا ئىجاد قىلغان «رۇخسار» مۇقامىنىڭ خەلق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنىپ، ئومۇملاشقانلىقى، رەسمىي مۇقام ئاتىلىپ «12 مۇقام» قاتارىدا شۆھرەتلەنگەنلىكى بۇ پىكىرىمىزنىڭ روشەن ئىلمىي دەلىلىدۇر.

شىنجاڭ قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. بۇ يەردە شانلىق قەدىمكى مەدەنىيەت، باي ۋە گۈزەل خەلق سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. «12 مۇقام» جۈملىدىن يەرلىك كۈي - نەغمىلەر (مەشرەپلەر)، قوشاق - بېيىتلار ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت، سەنئەت مىراسى، ھازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىمىزنىڭ خەزىنە بۆشۈكىدۇر.

ھازىر تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلىنىپ قايتا نەشر قىلىنغان «12 مۇقام» قەشقەر، خوتەن، كۇچا، ئىلىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان خەلق ئىچىدە «قەشقەر مۇقاملىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، يەكەن دەريا ۋادىسى، تارىم دەريا ۋادىسى، مەكىت، ئاۋات، لوپنۇر ناھىيىلىرىدە كەڭ تارقالغان «دولان مەشرەپ مۇقامى» (دولان توققۇز مۇقامى)، كۇچا، توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىدە كەڭ تارقالغان «كۇچا چوڭ نەغمىلىرى» (ئون يۈرۈش چوڭ نەغمە)، تۇرپاندا كەڭ تارقالغان «تۇرپان مەشرەپ مۇقامى» (ئون يۈرۈش چوڭ نەغمە)، توقسۇندا كەڭ تارقالغان «دەرد - داغ» مۇقامى، قۇمۇلدا كەڭ تارقالغان «قۇمۇل مەشرەپ مۇقامى» (قۇمۇل 12

مۇقامى) قاتارلىق يەرلىك مەشرەپ مۇقاملىرى بار. بۇ مۇقاملار گەرچە «قەشقەر مۇقاملىرى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قويۇق يەرلىك پۇراقى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە. پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر ئىچىدە «يۈسۈپ - ئەھمەد»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاھاڭلىرى ۋە ھەر خىل تارقاق مۇقاملار ساقلانماقتا. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى بۇ ئېسىل سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، پىلانلىق، تەشكىللىك، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلىشى كېرەك. قۇمۇل ۋىلايىتى توپلاپ رەتلىگەن «قۇمۇل 12 مۇقامى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ، كلاسسىك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەشتىكى ئۈرنەك خاراكتېرلىك بىر ياخشى باشلىنىش!

«12 مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەنلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تولىمۇ يېقىن بولۇشى، خەلقىنىڭ ئىستېتىك ئېڭى ۋە ھوزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا بىرلەشتۈرۈلگەن ئالاھىدە سەنئەت تۈرى بولغانلىقى، مۇزىكا رىتىمىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، تەسىرلىك جەلپ قىلىش كۈچى، خىلمۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى، يېقىملىق، سالتەنەتلىك بايان خاراكتېرلىك سەنئەت ئۇسلۇبى يېڭى دەۋر سەنئىتىدە ھېلىمۇ ئاجايىپ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى بىۋاسىتە سەھنىلەشتۈرۈش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقىلى بولىدۇ. مەشرەپ شەكلىدە سەھنىلەشتۈرۈلگەن «چەبىيات» مۇقامىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە ئورۇندىلىپ قالتىس مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنلىكى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

«چەبىيات» مۇقامى سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدا 100 مەيداندىن ئارتۇق قويۇلدى. ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرى قايىللىق بىلەن: «مۇقامدىن ھەقىقىي ھوزۇرلاندۇق» دېيىشتى.

«چەبىيات» مۇقامى 1986 - يىلى 10 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «4 - نۆۋەتلىك جۇڭخۇا سادىسى — مۇزىكا كۆرىكى»دە ئورۇندىلىپ پايتەختتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى رەھبەرلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. 1987 - يىلى 9 - ئايدا تۇنجى قېتىملىق «جۇڭگو سەنئەت بايرىمى — تەڭرىتاغدا كۈز» سەنئەت بايرىمىدا ۋە 1988 - يىلى 7 - ئايدا چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىنىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «4 - نۆۋەتلىك غەربىي شىمال مۇزىكا ھەپتىلىكىنىڭ شىخەي مۇزىكا كۆرىكى» دە ئورۇندىلىپمۇ قىزغىن قارشى ئېلىندى. يولداش لى رۇيخۇەن ئۈرۈمچىدە «چەبىيات» مۇقامىنى كۆرگەندە: «ئاجايىپ ئېسىل سەنئەت ئىكەن، تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇرۇڭلار» دېدى.

«چەبىيات» مۇقامى دۇنياغا يۈزلىنىپ دۆلىتىمىزگە قالتىس شان - شەرەپ كەلتۈردى. 1987 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئايال پادىشاھ ئىلىزابېت مۇزىكا زالىدا «چەبىيات» مۇقامى ئورۇندالغاندا تاماشىبىنلار ھاياجانغا تولۇپ، چاۋاك چېلىپ، تەنتەنە قىلىپ، زالنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئەنگلىيە BBC رادىئو شىركىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، مۇزىكىشۇناس ئاندىرسىن ئەپەندى: «بۈگۈن ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىجراسىنى ئاڭلىدىم» دېدى. ئەنگلىيىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى «چەبىيات» مۇقامى ھەققىدە باھا،

ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇردى. تاماشىبىنلار: «‹12 مۇقام› دۇنيا مۇزىكا خەزىنىسىدىكى گۆھەر ئىكەن» دەپ باھا بېرىشتى.

«چەبىيات» مۇقامى 1988 - يىلى ئۆكتەبىردە شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «12 - قېتىملىق ئاسىيا سەنئەت بايرىمى»دا ئورۇندىلىپ قىزغىن ئالقىشلاندى. «چەبىيات» مۇقامىنىڭ ئورۇندىلىشى بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى، 11 دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئويۇنلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقىسى بولدى. شياڭگاڭ گېزىتلىرى «چەبىيات» مۇقامى توغرىسىدا 48 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەردە: شىنجاڭدىن بىر توپ قىزىلگۈل كېلىپ ئاسىيا سەنئەت بايرىمىنى قىزىلگۈلگە پۈركىدى، دېيىشتى. ياپونىيە مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئويۇن ئۇيۇشتۇرغۇچىسى شياۋچەي خانىم ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن قىزغىن ھېسسىيات بىلەن: «سىلەر ئورۇندىغان بۇ مۇقام ئاسىياغا ھەم ياۋروپاغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىلەرنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بۇ ئىشتا سىلەرگە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ بېرىشكە رازىمەن» دېدى. ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناس، پروفېسسور يۇسۇپ فاخول چىيەك ئەپەندى «چەبىيات» مۇقامىنى ئۇدا ئىككى قېتىم كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: «مەن ئاھاڭدارلىقى يېقىملىق، رىتىمچانلىقى كۈچلۈك، ئاھاڭ بايلىقى مول، ھەجىمى چوڭ بولغان مۇنداق مۇقامنى ھازىرغىچە ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ، ھەقىقەتەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ئىكەن، بۇنى چوقۇم قوغداپ قېلىش كېرەك. ئىمكانىيەت بولسا ‹12 مۇقام›نىڭ ھەممىسىنى مۇشۇنداق مىللىي شەكىل ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

1990 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسلامئاباد، كاراچى، لاھور، راۋالپىندى، پىشاۋۇر شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولۇپ ئويۇن قويۇپ، «چەبىيات» مۇقامىنى ئورۇنداپ ئورتاق ھېسسىيات، كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. «چەبىيات» مۇقامى تۇنجى كۈنى (5 - مارت) كاراچىدا قويۇلغاندا كۇلۇبقالىق تولغان تاماشىبىنلار ئويۇن داۋامىدا باشتىن - ئاياغ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ تۇردى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا سىند ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى: «سىلەرنىڭ ئويۇنۇڭلار مېنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلىۋالدى. بۇ مەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق سەنئەت گۈزەللىكىدىن بەھىر ئېلىش بولدى ... مۇقامىڭلار پاكىستاننىڭ خەلق سەنئىتى بىلەن بەك يېقىن ئىكەن، شۇڭا بىزگە بەكمۇ يېقىملىق تۇيۇلدى» دېدى.

3 - ئاينىڭ 9 -، 10 - كۈنلىرى لاھوردا قويۇلغان ئىككى مەيدان ئويۇنمۇ قىزغىن ئالقىشلاندى. پەنجاب ئۆلكىسىنىڭ مەدەنىيەت - تەنتەربىيە نازىرى، سەنئەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاھناز شۇدىرى خانىم شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىكىلەرگە: «سىلەرنىڭ ئويۇنلىرىڭلارنىڭ سەۋىيىسى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەن، نومۇرلىرىڭلارنىڭ مەزمۇنى مول، رىتىمى ئېنىق ئىكەن. كىشىنى بەكمۇ خۇشاللاندۇرىدىكەن، روھلاندۇرىدىكەن، سىلەر قويغان ئويۇن لاھورنى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدۈردى» دېدى.

پاكىستاندىكى 16 كۈنلۈك ئويۇن قويۇش جەريانىدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بارغانلا يېرىدە ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. پاكىستاننىڭ مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - ساياھەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىچكى كابىنېت مىنىستىرى قايىللىق بىلەن: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن، سىلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقالغان قەدىمكى سەنئەتنى توپلاپ، رەتلەپ، سەھنىلەشتۈرۈپ يېڭى ھاياتقا ۋە شان - شەرەپكە ئىگە قىلغانلىقىڭلار ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ» دېدى. ئويۇننى كۆرگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى

تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا: «سىلەرنىڭ ئېسىل ئويۇنلىرىڭلار ئانا ۋەتىنىمىزگە ۋە بىز جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا شان - شەرەپ كەلتۈردى. جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، بىز سىلەر بىلەن پەخىرلىنىمىز» دېيىشتى. پاكىستان گېزىت - ژۇرناللىرى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى.

1991 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە «چەببىيات» مۇقامى ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلگەن «ياۋروپا - يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى»غا قاتنىشتۇرۇلۇپ، بايرام مەزگىلىدە گېرمانىيىنىڭ بېرلىن، ميۇنخېن، كيولىن، ماينىز، فرانكفورت شەھەرلىرىدە، بېلگىيىنىڭ برىيۇسسېل شەھىرىدە، شىۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە، بېرىن، بازىل شەھەرلىرىدە، گوللاندىيىنىڭ ئامستېردام ۋە دېڭىز قىرغىقى شەھەرلىرىدە ئورۇندىلىپ ياۋروپا ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ، ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قىزغىن ئالقىشىغا، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

شەرق مۇزىكىسى غەربىي ياۋروپا سەھنىسىدە، ياۋروپا خەلقىنىڭ سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىش ئادىتى، ئىستېتىك خاھىشىغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ - يوق، دېگەن مەسىلىدە دەسلەپتە بىزدىمۇ تازا ئىشەنچ يوق ئىدى. لېكىن گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە قويۇلغان تۇنجى مەيدان ئويۇنىمىز ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئويۇن باشلىنىپ، قەدىمكى پاسوندىكى مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيگەن، ساتار، دۇتار، غېجەك، خۇشتار، تەمبۇر قاتارلىق مىللىي چالغۇلارنى تۇتقان مۇقامچىلىرىمىز سەھنىدە پەيدا بولغاندا زال ئىچىدە ئۇزۇنغىچە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. «چەببىيات» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغاندا چاۋاك ئاۋازلىرىدا زىلزىلىگە كەلگەن ھەيۋەتلىك زال ئىچى بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆكتى، مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمىنىڭ ھەر بىر بۆلەكچىسى ئاخىرلاشقاندا زال ئىچىدە قىزغىن چاۋاك، چوقان سادالىرى ياڭراپ تۇردى. مۇقامنىڭ پۈتۈن قىسمى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېلانچىلىرىمىز سەھنىگە چىقىپ، ئويۇننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى قايتا - قايتا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، چاۋاك چېلىپ، چوقان كۆتۈرۈپ ئويۇننى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر مۇقامچىلىرىمىز قايتىدىن سەھنىگە چىقىپ، «راك» مۇقامىدىن ئارىيە بىلەن بىر قانچە ناخشا- ئۇسسۇل، مۇزىكا ئورۇنداشقا مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە شۇ مەيدانلىق ئويۇندا بىزگە بېرىلگەن ۋاقىت بىر سائەت ئون مىنۇت ئىدى. ئەمما تاماشىبىنلارنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى ئارقىسىدا تۇنجى مەيدانلىق ئويۇنىمىز ئىككى سائەت داۋاملاشتى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ميۇنخېن مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەسئۇلى، بۇ قېتىملىق سەنئەت بايرىمىنىڭ ۋەكىلى، مۇزىكىشۇناس مارىي خانىم ئويۇنىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۈگۈن تۇنجى مەيدان ئورۇندىغان ئويۇنىڭلار گېرمانىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ قەلبىگە بىر خىل گۈزەل ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ قىزغىن ئالقىشلاندى. سىلەر چالغان مۇزىكىلار، ئېيتقان ناخشىلار، سىلەرنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىڭلار مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئويۇن نومۇرلىرىڭلار كۆپ خىل ۋە جەلىپقىلارلىق ئىكەن. بىز سىلەرنى تەبرىكلەيمىز، گېرمانىيە خەلقى سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ» دېدى.

ئىككىنچى مەيدان ئويۇن بېرلىن شەھىرىنىڭ مۇزىكا زالىدا قويۇلدى. «چەببىيات» مۇقامى ئورۇندىلىپ مەشرەپ قىسمىغا كەلگەندە، تاماشىبىنلار ھاياجىنىنى باسالماي، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سەھنىگە چىقىپ مۇقامچىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. پۈتۈن زال قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپا خەلق سەنئىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، «ياۋروپا - يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى» نىڭ رەئىسى، دوكتور خەبىب

توما ئەپەندى بىزگە: «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامچىلىرىنى تەكلىپ قىلغانلىقىڭلارنىڭ نەتىجىسىنى كۆردۈم. بۇ ئىشتا تامامەن توغرا قىلغانلىقىڭلاردىن پەخىرلىنىمەن. بۈگۈنگىچە بۇ زالدا نۇرغۇن سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن قويغان ئىدى، ئەمما بېرلىن خەلقىنى سىلەردەك ھاياجانغا سالغان ئۆمەك بۇ سەھنىگە كەم چىقتى» دېدى.

«چەبىيات» مۇقامى بېلگىيە، شىۋېتسارىيە ۋە گوللاندىيىدىمۇ ئاجايىپ قىزغىن قارشى ئېلىندى. شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بېلگىيىنىڭ پايتەختى برىيۇسسېل شەھىرىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئويۇن قويغاندا دۆلىتىمىزنىڭ بېلگىيىدە ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شاۋداۋشېن ھاياجانلانغان ھالدا سەھنىگە چىقىپ: «بىز جۇڭگولۇق بولغانلىقىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز. مەن تا ھازىرغىچە بۇ يەردىكى تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سېلىپ بۇ قەدەر ئالقىشلانغان ئۆمەكنىڭ ئويۇنىنى تېخى كۆرمىگەن ئىدىم. بىز سىلەر بىلەن پەخىرلىنىمىز» دېدى.

دېمەك، «چەبىيات» مۇقامىنىڭ دۆلىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا شۇنچە زور تەسىر قوزغاپ، دۇنياۋى كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەنلىكى «12 مۇقام» دىن ئىبارەت بۇ ئېسىل مىللىي سەنئەتكە بولغان پەخىرلىنىش ۋە ھۆرمىتىمىزنى ئاشۇرۇپلا قالماي، مىللىتىمىزنىڭ مۇقامدىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەش، تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇش، ئۇنى دۇنيا سەھنىلىرىگە يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، بۇ ئېسىل مىللىي سەنئىتىمىزنى خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن سەھنىلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنى يېڭى دەۋر سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن مەنبە ۋە خۇرۇچ قىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئېستېتىك زوقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن ئۇنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، زامانىۋىلىق يولىغا باشلاپ، مىللىي ھېسسىياتنى تەربىيىلەپ، مىللىي ھېسسىياتنى ساغلاملاشتۇرۇپ، مىللىي روھنى يۈكسەلدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى، مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز.

بىز يەنە ياۋروپا مۇزىكا ئالىملىرى، تاماشىبىنلىرىنىڭ شۇنچە قىزغىن ئالقىشلىرى ۋە يۇقىرى باھاسىدىن، «12 مۇقام» نىڭ ھەر بىرى بىر مۇزىكا قامۇسى، بىر سىمفونىيە بولۇپ، چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر سىمفونىيىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار سەنئەت شەكلى، بەدىئىي ماھارەتلىرىنى ئەينەك قىلىپ، مۇقاملاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر سىمفونىيىلىرىنى ئىجاد قىلىش تامامەن مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

«12 مۇقام» نىڭ شېئىرىي تېكىستلىرىدىكى «غېرىپ - سەنەم»، «يۈسۈپ - ئەھمەد»، «سەنۇبەر»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن شېئىرىي پارچىلار ۋە خەلق قوشاقلىرى، ئەينى زاماننىڭ شېئىرىيەت نەمۇنىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كۆپ ساندىكى مۇقام تېكىستلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، چىن مۇھەببەت كۈيلەنگەن. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن خۇلاسىلىنىپ، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت مەدھىيىلەنگەن. «12 مۇقام» غا كىرگۈزۈلگەن خەلق داستانلىرى ۋە قوشاقلىرىدا ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن، ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

گەرچە «12 مۇقام» تېكىستلىرىدە فېئوداللىزمغا قارشى دېموكراتىك ۋە خەلقپەرۋەر ئىدىيىلەرنىڭ شېئىرىي ئىپادىسى بولسىمۇ، لېكىن مۇقام تېكىستلىرى يەنىلا فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن قىسمەن تېكىستلەردە ئىدىئالىستىك تارىخىي قاراشلار ۋە پاسسىپ ئىدىيىلەر، دىنىي خۇراپاتلىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە تەركىي

دۇنياچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ساقلانغان. مۇقام تېكىستلىرى فېئوداللىق دەۋردىكى تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، ئىدېئولوگىيە شەكلىنى ئالغان بولۇپ ھامان روشەن سىنىپىيلىككە ۋە ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلغار، دېموكراتىك ئىدىيىلىرى بار. بىز ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشىمىز، «12 مۇقام» غا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تەكىتلىگىنىمىزدە، مۇقام تېكىستلىرىگە تەنقىدىي قارىشىمىز، سەلبىي - ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغان، خۇراپاتلىق، چۈشكۈنلۈك، تەركىدۇنياچىلىق تەرغىب قىلىنغان، چۈشىنىكسىز، مەزمۇنى تەكرار بەزى تېكىستلەرنى مۇقامنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي سەنئەت جەۋھىرىگە دەخلى يەتكۈزمىگەن شەرت ئاستىدا دادىل ئىسلاھ قىلىشىمىز، تەنقىدىي قاراش ئاساسىدا كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ ۋە ئىجاد قىلىپ، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى زامانىۋى مۇقام سەنئىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

**ئىككىنچى، «12 مۇقام» نى ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇشتا، مۇقامنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان سىستېمىلىق مۇزىكا شەكلىدىن پايدىلىنىپ يېڭى دەۋرنى ئىپادىلەيدىغان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك يېڭى مۇقام يارىتىش توغرىسىدا:** مىللىي، ئەنئەنىۋى سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ئەينەك قىلىشتىكى مەقسەت جەۋھىرىنى ساقلاپ قېلىپ، شاكىلىنى، سەلبىي - ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغانلىرىنى تاشلىۋېتىپ، شۇ ئاساستا يېڭىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى، مىللىي سەنئەتنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى، دېموكراتىك مەزمۇنى بىلەن فېئوداللىق ئەخلىتىنى پەرق ئەتمەي، ئاڭسىز يوسۇندا ئەتىۋارلاپ، شۇ پېتىلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىگە كۆتۈرۈپ چىقىش ئەنئەنىنىڭ تۇرغۇنلۇقىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش، سەنئەتنىڭ زامانىدىن قالغان كونا قېلىپلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى ئۆلگىلەرنى تەييارلايدىغان ئىجادىيەتچىلىكنى جاھالەتكە يەم قىلىپ غەپلەتكە باستۇرۇپ قويىدىغان كونسېرۋاتىپلىق، ئارقىغا چېكىنىشتۇر. توغرا پوزىتسىيە-ئەنئەنىۋى، مىللىي سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش»، ئىجاد قىلىش، ۋە يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي سەنئەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

بىز «12 مۇقام» مۇزىكىلىرىدىن پايدىلىنىش، ئىجادىي ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش، بەزى تېكىستلىرىنى مەزمۇنەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەش ئارقىلىق كۆپلىگەن ئوپېرا، تىياتىر مۇزىكىلىرىنى ئىشلىدۇق؛ مۇقامنى «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش»، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرگە خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدىنىپ، سىناق ئېلىپ بېرىپ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ قەدىمكى سەنئەت بىلەن ھازىرقى مۇزىكا، ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە بەلگىلىك ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولدۇق. 1965- يىلى «ئۇششاق» مۇقامى ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، مۇقام مۇزىكىلىرى ئاساسىدا، ياپونغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەش تېما قىلىنغان ئوپېرا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىنىپ قەدىمكى سەنئەت بىلەن ھازىرقى زامان مۇزىكا، ئۇسسۇلىنى بىرلەشتۈرۈش-«كونىدىن يېڭىنى يارىتىش» جەھەتتە سىناق ئېلىپ بارغان ۋە ئىزدەنگەن ئىدۇق. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «ئۆزھال» مۇقامى ئاساسىدا ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل «مۇقام يۇرتىنىڭ باھارى»، شۇنداقلا، مۇقام نەغمىلىرى ۋە داستانلىرى ئاساسىدا قايتا سەھنىلەشتۈرۈلگەن «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسى ۋە «مۇقام ئەجدادلىرى»، «ئامانىيسا»، «پەرھاد - شېرىن» ئوپېرالىرى، جۈملىدىن مۇقام نەغمىلىرى، داستانلىرى ۋە مەشرەپلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن

كۆپلىگەن ناخشا- مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى، ياقتۇرۇپ كۆرۈشى، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1990- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە غەمخورلۇقى ۋە كۈچلۈك قوللىشى ئارقىلىق شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بىلەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىرلىشىپ «ئۆزھال» مۇقامى ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «مۇقام يۇرتىنىڭ باھارى» نى ئىشلەپ چىقتى. كۈچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەگە ئىگە بۇ يېڭى دەۋر مۇقامىدا پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ساغلام ئىدىيەۋى مەزمۇن بىلەن مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل ئورگانىك بىر گەۋدە قىلىنغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستېتىك تەلپى - زوقلىنىشى نەزەرگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئوينىلىشى بىلەنلا جەمئىيەتكە كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، قىزغىن قارشى ئېلىندى؛ تاماشىبىنلار سەنئەتتىن بەھرى ئېلىپلا قالماي چوڭقۇر تەربىيە ئالدى؛ ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلىدىن تىرىشىپ پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى يېڭىلاپ، يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، مۇقام سەنئىتىنىڭ خاسىيەتلىرىنى تىرىشىپ تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئىلھام بېرىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئۈرنەك بىلەن تەمىن ئەتتى.

## 3

«12 مۇقام» غا ۋارىسلىق ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشتا ۋارىسلىق قىلىش ھامان ئاساستۇر. تەرەققىيات - يېڭىلىق ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا ئاساسنى ئۇنتۇماسلىق، ئەنئەنىنى يوقاتماسلىق كېرەك. «12 مۇقام» غا تولۇق، توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىش ۋە شۇ ئاساستا «12 مۇقام» نى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن «12 مۇقام» نى كەڭ ئاممىغا بولۇپمۇ كەڭ ياشلارغا ئومۇملاشتۇرۇش بەكمۇ مۇھىم. بىز «12 مۇقام» نى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شەرت-شارائىتىغا ئىگە. شىنجاڭدا 100 گە يېقىن سەنئەت ئۆمىكى بار. بۇ ئۆمەكلەردە «12 مۇقام» ۋە يەرلىك مۇقاملارنى ئۆگىنىش، ئورۇنداش، مۇقاملاردىن پايدىلىنىپ ناخشا- مۇزىكا، ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ياشلار ئارىسىدا «12 مۇقام» نى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش كېرەك. ئۈن - سىن قوراللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق مۇقامنى، مۇقامنىڭ ئۈن - سىن لېنتىلىرىنى كەڭ تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش، پائال تۈردە مۇقام سەنئەت بايرىمى، ھەر خىل كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇقامنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلەندۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ھەتتا ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. «12 مۇقام» كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاندىلا ئۇنىڭغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغىلى، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۈنۈملۈك راۋاجلاندۇرغىلى، يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدۇ.

«12 مۇقام» نى توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش بىلەن تەتقىق قىلىش بىر - بىرىگە ئورگانىك ھالدا باغلانغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي، بەدىئىي مىراسى، ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىلىرىنىڭ ئانىسى بولغان «12 مۇقام» نى ئىلمىي ئاساستا كۆپ تەرەپلىمە، ياخشى

تەتقىق قىلىنغاندىلا، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى، ناخشىچىلىقى، ئۇسسۇلچىلىقىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرگىلى، ئىزاھلىغىلى ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك ھالدا سوتسىيالىستىك دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

«12 مۇقام» مۇزىكا جەھەتتە يۈرۈشلەشكەن، قېلىپلاشقان، مۇكەممەل سىستېمىغا ئايلانغان ئالاھىدە سەنئەت تۈرى سۈپىتىدە «مۇقام ھادىسىسى» دېگەن نام بىلەن ئېلىمىزدە ۋە دۇنيادا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. دۆلىتىمىزدە، ئاساسلىقى شىنجاڭدا «12 مۇقام» تەتقىقاتى بويىچە ئىقتىدارلىق، قابىل تەتقىقاتچىلار قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە مەيدانغا كېلىپ، مۇقام تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر پەن شەكىللەنمەكتە. پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ يازغان «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»، مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇجېڭباۋ يازغان «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي كىتابلار بىلەن مۇقام تەتقىقاتىغا ئائىت يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم نادىر ماقالىلەر نەشر قىلىنىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. لېكىن غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن كاتتا بەدىئىي قامۇس «12 مۇقام» غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەمدىلا باشلاندى، دېيىشكە بولىدۇ. «12 مۇقام» تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەر تېخى ئېچىلمىغان سىر ھالىتىدە تۇرماقتا.

مۇقاملارنى توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، زامانىمىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئۆرنەك بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1989- يىلى 3- ئايدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 5- ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي ئىزغا چۈشۈپ، ساغلام راۋاجلىنىش ئۈچۈن تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە بولدى.

بىز مۇقام تەتقىقاتىنى تىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت، تەتقىقات خادىملىرى ئۆز ئارا زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزگە خاس كەسپىي ئالاھىدىلىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇقام تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، مۇقام تەتقىقاتى جەريانىدا خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان توغرا لىنىيىلىك ئىلىم، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز، تەتقىقاتتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەللەردىكى مۇقامغا ئائىت ماتېرىياللارنى تىرىشىپ توپلاپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز، خەلقئارادىكى ھەر خىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ مۇقام تەتقىقاتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك .

مۇقام تەتقىقاتى بىر خىل پەۋقۇلئاددە مۇنەۋۋەر ئەمگەك، مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش

جەريانىدۇر. بۇنىڭدا، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش روھى بىلەن زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەخسۇس تېمىلار بويىچە دادىل ئىزلىنىشى، خاتىرجەم تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن تىنچ، ئىتتىپاق، ئازادە، دېموكراتىك ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش، تالاش - تارتىش ئۈستىدە تۇرغان، مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان، بەس- مۇنازىرە ئۈستىدە تۇرغان مەسىلىلەرگە قارىتا يەڭگىللىك بىلەن خۇلاسە چىقارماسلىق، قالايمىقان تۇتقىغا كۆتۈرمەسلىك، قالپاق كىيدۈرمەسلىك، ئىلىم ئەركىن- لىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىزلىنىپ، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قىلىپ توغرا يەكۈن چىقىرىشىغا يول قويۇش كېرەك.

«12 مۇقام» غا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش — ھەرگىزمۇ «12 مۇقام» نى ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ، يەككە - يېگانە ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن، تەتقىق قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. مىللەتنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنى بېكىك ھالەتتە تۇرۇپ قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بىز مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ھەم چەت ئەل مەدەنى- يىتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى ئەينەك قىلىش، قوبۇل قىلىشتا «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۇنياغا يۈزلىنىپ، دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئىتىدىن، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار سەنئەت شەكلى، بەدىئىي ماھارەتلىرىنى ئەينەك قىلىپ مۇقام سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىشىمىز، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشىمىز، گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم.

بىز پارتىيىنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، دادىل ئىزلىنىدىغان، ئىجاد قىلىدىغانلا بولساق، «12 مۇقام» دىن ئىبارەت بۇ ئېسىل، نادىر سەنئەت مىراسىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مۇقام سەنئىتىنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋېلىشتەك ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى، شانلىق تۆھپە قوشالايمىز!

1992- يىل 10- ماي





# شورلۇق دالا



(ھېكايە)

**توختى ئايۇپ**

## 1

ئارتىسلار كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان چاغدا ئۆمەك باشلىقى ھاجى رېپېتىتسىيە زالىنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولدى:

— توختاپ تۇرۇڭلار يولداشلار، مۇھىم بىر ئۇقتۇرۇش... ھېلىقى بەلگىلەنگەن يولداشلار يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن ئىدارىگە يىغىلسىلەر، كېچىكمىشكە بولمايدۇ. باھانە – سەۋەب كۆرسىتىپ كەلمىگۈچىلەرنىڭ بىر ئايلىق مۇكاپات پۇلى تۇتۇپ قېلىنىدۇ...

ئۆمەك باشلىقىنىڭ «بەلگىلەنگەن يولداشلار» دېگىنى زالدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېنىق. ئۇلار ئۆمەكنىڭ تاللانغان قىز ئۇسسۇلچىلىرى، ئېلېكترونلۇق پىئانىنو چالغۇچى ياش يىگىت ئابدۇسالام ھەم داڭلىق ياش ئۇسسۇلچى زەيتۇنە. زەيتۇنە توي قىلغان ھەم بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇشىغا قارىماي تېخى ئەمدىلا تولۇپ يېتىلىۋاتقان قىزلاردەك ئوماق ۋە چىرايلىق.

— چەت ئەللىكلەرنى كۈتۈۋالامدىكەنمىز؟ — ھاجىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا سورىدى ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ بىرى.

— ياق. هاكىمنىڭ مېھمانلىرىنى.

«بەلگىلەنگەن يولداشلار» ئۆمەك باشلىقىغا ئەندىكىپ قاراشتى، بىرلىرى لەۋلىرىنى چىشلىدى، بىرلىرى قولىدىكى سومكىسىنى مەجىقلىدى. سەۋەبى، ئۇلار بىر ئىشتىن بىزار. ئۇلارنى ئەڭ بىزار قىلىۋەتكىنى تاغدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا ياكى يىراق يېزا - سەھرالارغا بېرىپ ئويۇن قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئايلاپ ماڭىدىغان يول جاپاسى ئەمەس، بەلكى هاكىمنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا پات - پات جاكارلىنىپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق ئۇقتۇرۇش.

ئارتىسلار تارقاشتى. «بەلگىلەنگەن يولداشلار»نىڭ ئارىسىدىكى بىر نەچچىسى ئىشخانىسىغا ئالدىراپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئۆمەك باشلىقىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتى.

— تۆەنجاڭ، ئاپام تۈنۈگۈن ئوپېراتسىيە قىلىنغان، هازىر كېسەلخانىدا ئادەمنى تونۇپ - تونۇماي دېگۈدەكلا ياتىدۇ، مەن كەچتە بېرىپ هالىدىن خەۋەر ئالمىسام...

— تۆەنجاڭ، زۇكامداپ قاپتىكەنمەن، زادى مىجەزىم يوق.

— تۆەنجاڭ...

هاجى جوزىنى غەزەپ بىلەن مۇشتلىدى:

— چۇرقىرىماڭلار! نېمىگە چۇرقىرايسىلەر؟— دېرىزە ئەينىكىنى تىترىتىۋەتكۈدەك ئاۋازدا زەردە بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ، — سىزچۇ زەيتۇنە؟ سىزمۇ بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتەي دەۋاتامسىز؟ سۆزلەڭ، سۆزلەۋېرىڭ!

زەيتۇنە ئىشىك تۈۋىدە هاجىغا ئۈنسىز تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈن بويى داۋام قىلىدىغان رېپېتىتسىيە ۋاقتىدىكى شوخ، جۇشقۇنلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، چىرايىدا ئوڭايسىزلىنىش ۋە ئارىسالدىلىق بىلەن هارغىنلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل روھسىزلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى.

— راستىنى ئېيتسام، زادىلا رايىم يوق

هاجىكا، بوپتۇ، ئايلىق مۇكاپات پۇلۇمنى تۇتۇپ قالساڭلارمۇ مەيلى، — دېدى ئۇ.

— يەنىچۇ؟ يەنە قانداق باھانە - سەۋەبىڭلار بار؟— تۆەنجاڭ تەئەددىي بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقتى، — بىلىمۇ، سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگىمىز يوق دېمىدىڭلار ياخشى. هەر بىر كىشىنىڭ رايى ھېسابقا ئېلىنىدىغان ئىش بولسا، مېنىڭ بارغۇم بارمۇ؟ مەن كەچكى ئولتۇرۇش، زىياپەت دېسە ئون كۆڭلۈك يىراققا قېچىپ كەتسەم دەيمەن. چۈنكى مەن باشقىلارنىڭ ئويۇن - تاماشاسى ئۈچۈن غالچىلىق قىلىشنى خالىمايمەن، ئۇنى نومۇس دەپ بىلىمەن. ئەمما هاكىم ئۆزى تېلېفون بېرىپ بىزنىڭ كېلىشىمىزنى ئۇقتۇرغاندا بارماسلىققا كىمنىڭ ھەددى؟ مېنىڭ ھەددىممۇ؟ هاكىمنىڭ مېھمانلىرى... دېمەك ئۇلار ۋىلايەت ياكى ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن رەھبەرلەر، ئۇلار ناھىيىمىزگە خىزمەتكە كەلگەن ئىكەن، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش بىز ئۈچۈن ئويۇن قويغانغا ئوخشاشلا مۇھىم خىزمەت. گەپ شۇ: بۈگۈن ھەر قانداق باھانە - سەۋەبلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇڭلار. ئىككى سائەتتىن كېيىن زالغا هازىر بولۇڭلار.

«ئارتىس — پەقەت سەھنىدىلا ئالقىش، ھۆرمەت ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشكۈچى، سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن بولسا، ئەڭ بىچارە ئادەملەر . . . »، — زەيتۇنە ئۆيىگە كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە مۇڭ تۆكتى، — ئويلىسىلا ئادەمنى ئازابۋە ھەسرەتكە سالىدىغان غەلىتە ئىش . . . نېمىشقا بەزى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئارتىسلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن دېدەك، كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئەمەك ئورنىدا قارايدىكىن؟ كۈتۈۋېلىش سورۇنلىرىدا ئۇلارغا ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ بەرسەكلا ئۆز ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلغان بولاتتۇقمۇ، ئەمما ئۇنداق ئادەملەرگە كېرىكى بىزنىڭ سەنئەت ماھارىتىمىز ئەمەس، ئارتىسلارغا خاس چىرايىمىز، ناز - كەرەشمىمىز، ئىنچىكە بەللىرىمىز . . .

ئۇلارنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىمۇ مۇشۇ.»

زەيتۇنە تاكى ئۆيىگە بارغانغىمۇ كۆڭلىنى غەشلىك ۋە ئازاب بىلەن ئۆرتەيدىغان مۇنداق مېھمان كۈتۈش سورۇنلىرى زادىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى... ھەئە، مۇنداق سورۇنلاردا زەيتۇنە ھەم ئۇنىڭ ئىشداشلىرىنىڭ ھالى تولىمۇ ئېچىنارلىق. تانسا سورۇنلىرىدا ئاياللارنىڭ قەدىرلىنىدىغان ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغان، شۇ ۋەجىدىن ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى تانسىغا تەكلىپ قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بۇ يەردە خۇددى ۋاقتى ئۆتكەن كونا گېزىتتەك بىر ياققا چۆرۈۋېتىلگەن. بۇ يەردىكى تەرتىپ تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە. ئارتىسلار مۇزىكا باشلىنىش بىلەن تەڭلا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ گىدىيىپ تەمە بىلەن ئولتۇرۇشقان رەھبەرلەرنىڭ ئالدىغا ئەدەب بىلەن بېرىپ، ئۇلارنى ناز - تەبەسسۇم بىلەن تانسىغا تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر.

— چاپسان قوپۇڭ، تېز بولۇڭ زەيتۇنە. نازىرنى تانسىغا تارتىڭ! — مانا بۇ يېقىنقى بىر قېتىملىق مېھمان كۈتۈش سورۇنىدا ئۇياق - بۇياققا شاپاشلاپ يۈرگەن خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانا مۇدىرىنىڭ سورۇندىن قانداق چىقىپ كېتىشىنى بىلەلمەي ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرغان زەيتۇنەنىڭ قۇلىقىغا بوش، ئەمما بۇيرۇق ئاھاڭىدا پىچىرلىغان ئاۋازى.

— مەن... مەن... باشقىلار بولغانىدىكەن ...

— ياق - ياق! نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ نازىرنى تانسىغا تارتىشقا پەقەت سىزلا ئەڭ مۇناسىپ. سەمىڭىزدە بولسۇن، بۈگۈن سىز مەخسۇس نازىرغىلا تەقسىم قىلىنغان. بۇ مېنىڭ گېپىم ئەمەس، رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى.

زەيتۇنە ئۆزىنى سەھنىدە قانچىلىك مەغرۇر، غالىب ۋە چەكسىز سەلتەنەت ئىگىسىدەك ھېس قىلغان بولسا، بۈگۈن ئۆزىنى شۇنچىلىك بىچارە، ئاجىز ۋە قەدىر - قىممەتسىز ھېس قىلدى. ئۇ، ۋۇجۇدىدىكى خورلۇقنى ۋە ئىچ - ئىچىدىن قايناپ بۇلدۇقلاپ تېشىۋاتقان كۆز يېشىنى تەستە بېسىپ، زورغا كۈلۈمسىرەپ نازىرنى تانسىغا تەكلىپ قىلغانىدا، نازىر ئۆز يېشىغا ۋە بەستىگە ماس بولمىغان ئادەتتىن تاشقىرى بىر چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدى... زەيتۇنە نازىرنىڭ نېپىز، ئاق چۆچۈنچە كۆڭلەك ئىچىدىكى گۆشلۈك يەلكىسىگە بارماقلىرىنى قويغانىدا، نازىر گۆشلۈك، دىقماق قولى بىلەن ئۇنىڭ نازۇك بېلىنى قورۇپ، يەنە بىر قولىنىڭ ئالقىنىدا ئۇنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرىنى ئامبۇردەك قىسقاندا، زەيتۇنە گويا يىرتقۇچ بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان تۇشقاندەك قورقۇنچ، ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ۋۇجۇدى يىرگىنگۈچى بىر تۇيغۇدىن تىكەنلەشتى، پۇت - قولى ماغدۇرسىزلىقتىن دىرىلداپ تىترىدى. ياق! يۇقىرى دەرىجىلىك، نام - ئابرويلۇق بىر رەھبىرىي كادىرنى يىرتقۇچ قۇشقا ئوخشىتىشقا ئەلۋەتتە زەيتۇنەنىڭ تىلى بارمايدۇ. بىراق، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسە - دە. ئۇ نوپۇز، مەرتىۋە ۋە ئىمتىياز بىلەن ھېسابلاشمايدۇ... نازىر ئېگىز، بەستلىك، تەتۈر ئۇستىخان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىز يەلكىسىگە ئېسىلىپ قالغان زەيتۇنە پۇتى يەرگە تېگىپ - تەگمەي ئايلىنىۋېتىپ ئۆزىنى گويا ئۇنىڭ گۆشلۈك قاۋۇل بېلەكلىرى ئارىسىدا يوقاپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. نازىرنىڭ ئېغىر گەۋدىسى مۇزىكا رېتىمىغا ماس ھالدا يۇقىرى - تۆۋەن سىلكىنەتتى، تۆگە لوكىسىدەك لەپەڭشىيەتتى. ئۇ ھايال ئۆتمەي ھاسىراپ - ھۆمۈدەشكە باشلىدى. ھاسىرىغاندا گېلىنىڭ قانداقتۇ بىر يەرلىرىدىن خۇددى پۇشتەك چالغاندەك چىرقىراق ئاۋاز چىقاتتى. زەيتۇنە ئۆزىنىڭ ئەملەشىپ كېتىۋاتقان بارماقلىرىدىن نازىرنىڭ ھېرىپ قارا تەرگە چۆمۈلگەنلىكىنى

بايقىدى. ھەئە ... ئۇنىڭ باش - كۆزىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئىچىمىز كۆڭلىكى سىپىمىز كەۋدىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن ئىدى.

تەر بىلەن تەڭ دەسلەپتە قولتۇقىدىن، ئاندىن پۈتۈن بەدەنلىرىدىن نەپەسنى بوغقۇچ-ى سېسىق، قاڭسىق پۇراق تارقىلىشقا باشلىدى.

زەيتۈنە ئۇنىڭدىن سەسكىنىپ، كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولۇپ، ئېغىز- بۇرنىنى گاھ ئۇيانغا، گاھ بۇيانغا بۇرايتتى. «خەپ ۋاقتىمۇ ئاز قالدىغۇ، بۇ زۇلۇممۇ ئۆتۈپ كېتەر...» ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىگە شۇنداق دەپ تەسەللىي بەرگەن ئىدى...

زەيتۈنە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئالدىغا گۈللۈك پەرتۇقىنى تارتىپ ئالدىراپ تاماققا تۇتۇندى. شۇنداق ... ئۇ يىراق قاقاس چۆللەردىن ھېرىپ - ئېچىپ كېلىدىغان ئېرىگە، قىزىغا تاماق ئېتىشى، ئۆزىنىمۇ ئازراق توقلىۋېلىشى كېرەك.

لەغمەن بىردەمدىلا تەييار بولدى. ئۇ يېرىم تەخسە لەغمەننى ئالدىراپ - سالدىراپ يەۋېلىپ، چاچلىرىنى تاراۋاتقاندا، كاماك چىشلىرى بىلەن لەغمەننىڭ چۆپىنى ئۈزەلمەي ئېزىق چىشى بىلەن چايناپ ئولتۇرغان ئادىلە ئاپىسىغا ئېسەنكىرەپ قارىدى:

- بىر يەرگە بارامسىز ئاپا؟

- ھەئە.

- نەگە؟

- ئالۋانغا؟

- ئالۋان دېگەن نە ئۇ؟

زەيتۈنە قىزىنىڭ كۆزىگە مۆڭ بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى:

- سىز كىچىك، ئۇنى بىلمەيسىز بالام.

- سىز كەتسىڭىز مەن قورقىدىكەنمەن، ئەمىسە مەنمۇ بارىمەن...، - يىغلامسىرىدى قىز.

- ئالۋان دېگەن ناھايىتى قورقۇنچلۇق، ئۇ يەرگە كىچىك بالا بارسا بولمايدۇ.

- ئۇ يەردە جىن - ئالۋاستىلار بارمۇ؟

- جىن - ئالۋاستىلارغۇ يوق.

- ئەمىسە نېمىشقا قورقۇنچلۇق؟

- ئۇ يەردە ھەر يوغان يىرتقۇچ بۆركۆتلەر بار بالام.

- بۆركۆت؟

- ھەئە، بۆركۆت .. تېلېۋىزوردا كۆرگەن ھېلىقى تىرنىقى ئۇچلۇق، تۇمشۇقى ئىلمەك، يوغان قۇشچۇ.

ئادىلە قورقۇپ، كۆزلىرى ۋەھىمىدىن پارقىراپ كەتتى:

- ئەمىسە بارماڭ ئاپا... ئۇ، تېلېۋىزوردا بىر توشقاننى تۇتۇۋېلىپ يەۋەتكەن. ئۇ سىزنىمۇ يەۋېتىدۇ.

- ياق، مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن. ئۇنى بىردەمدىلا ھوشسىزلاندۇرۇپ قويالايمەن.

- نېمىڭىز بىلەن؟

- سىز كىچىك، دەپ بەرگەن بىلەنمۇ چۈشەنمەيسىز، - دېدى زەيتۈنە تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا ئۆزىنى ئاخىرقى قېتىم تۈزەۋېتىپ، - سىرتقا چىقىپ كەتمەي دەرسلىرىڭىزنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. دادىڭىز ھازىرلا كېلىدۇ.

... زەيتۈنە مىنىبۇس ماشىنىسىدا كېتىۋېتىپ ئەتراپىدىكىلەرگە بىر - بىرلەپ قارىدى. ئالدىنقى ئورۇندۇقتا ھاجى، ئۇنىڭ يېنىدا ئابدۇسالام، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ سىڭىللىرى قاتارىدىكى ناخشىچى، ئۇسسۇلچى قىزلار. ئۇ نېمىشقا توي قىلغان، ھەتتا يەتتە ياشلىق بىر قىزغا ئانا بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق بۇ قىزلار قاتارىدىن چۈشۈپ قالمىدى؟ بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۇسسۇل چولپانى دېگەن سەلتەنەتلىك نامى سەۋەبچى بولدىمۇ؟ ھەئە، ئۇمۇ بار، لېكىن ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئەرلەرلا ئەمەس، ئاياللارمۇ ھەيرانۇ - ھەس قالغۇدەك دەرىجىدىكى گۈزەللىكى، گۈزەل لەتاپىتى... ئۇ گاھىدا شۇنداقمۇ ئويلاپ قالاتتى: «گۈزەللىكنىڭ ئاياللارغا بېغىشلايدىغىنى چەكسىز بەخت ۋە ھوزۇر - راھەت. گاھىدا ئۇلار ۋۇجۇدىدىكى

ئاشۇ گۈزەللىكى بىلەن ئاسمانچە يۈكسەكلىكتە قەدىرلەنسە، كاھىدا خورلىنىشقا ھەم ئازاب چېكىشكە مەجبۇر ...»

مىنىبۇس ھاشىنا ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ناھىيە بازىرىنىڭ بېقىنىدىكى گۈلباغ يېزىسىنىڭ بۈك - باراقسان بېغى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. زەيتۈنە بۇ باغقا مۇشۇ يىلنىڭ ئىچىدىلا نەچچە قېتىم كەلگەن. چۈنكى بۇ يەر ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ مېھمان كۈتىدىغان گۈزەل مەنزىرىلىك مۇھىم ئىستىراھەت سورۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. راست، بۇ باغ گويا بىر جەننەت! سىز باغ دەرۋازىسىدىن كىرىپ بىرىنچى قەدەمنى باسىسىزۇ ھەيران قالىسىز. ئىككى تەرىپىدە تۈپتۈز كەتكەن يايپېشىل ئېگىز باراڭلىق، ئۇنىڭدا ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان سانجاق - سانجاق رەڭدار ئۈزۈملەر .يەرگە سېلىنغىنى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان يېپيېڭى گىلەم... تال باراڭ ئاستى شۇنچىلىك سالقىن ھەم راھەتلىك... تال باراڭلىقنى كېسىپ ئىچكىرىگە كىرىسىز، كىرىسىزۇ، بۈك - باراقسان ئانارلىق ئىچىدە ئېزىپ قالغاندەك بولىسىز. كۆزلىرىڭىز شاخلاردىكى چوغدەك يېنىپ تۇرغان قىپقىزىل ئانارلاردىن قامىشىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتسىڭىز، مېۋىسىدىن شەربەت تېمىپ تۇرغان ئەنجۈرلۈك... ئۇنىڭدىن نېرىسى رەت - رەت ئالمىلىق، شاپتۇللۇق، ئۆرۈكلۈك ... قىسقىسى جەننەتكە تېگىشكۈسىز گۈزەل، راھەتبەخش بىر دۇنيا...

باغ ئىچىدە، تال باراڭلىق ئاستىدا جىددىي بىر ھالەت ھۆكۈم سۈرگەن. يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى، يېزا باشلىقى، يەنە ئاللىكىملەر بولۇپ 10 - 20 چە ئادەم ئۇياق - بۇياققا شاپاشلاپ يۈرەتتى. كىلەم ئۈستىدىكى ئۇزۇن داستىخانلارغا دەستە - دەستە نانتوقاچلار، لېگەنلەرگە مېۋە - چېۋىلەر تىزىۋېتىلگەن. باغ چېتىدىكى بىر پارچە ئوچۇقچىلىقتا قويلار ئارقا - ئارقىدىن سويۇلۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا قۇرۇق ئۆرۈك ئوتۇنىدا يېقىپ قويۇلغان گۈلخان گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى. پىچاققا تېخى نۆۋەت كەلمىگەن قويلار ئۆزلىرىنىڭ ھايال ئۆتمەيلا خام تاراج قىلىنىپ گۆشلىرىنىڭ ئاشۇ ئوتتا كاۋابقا تارتىلىدىغانلىقىنى سېزىپ قېلىشقاندەك ئۆزلىرىنى ھەر ياققا ئۇرۇشۇپ قورقۇنچ ھەم ۋەھىمە ئىچىدە ئەنسىز مەرىشەتتى...

تال بارىڭى ئاستىدىكى لامپۇچكىلار ھازىر تېخى كۈندۈز ئىكەنلىكىگە قارىماي بۇرۇنلا يېقىپ قويۇلغان، كۆزنى چاقنىتقۇچى ئۆتكۈر نۇرلىرى قۇياشنىڭ يارقىن، تاغ سەلكىنىدەك يۇمشاق، يېقىملىق نۇرلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھالدا تال بارىڭى ئاستىدا جىددىي ۋە سۈرلۈك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان ئىدى.

بىر چاغدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئىسھاق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايى جىددىي، سۆزلىرى كەسكىن ئىدى. ئۇ يېزا مەسئۇللىرىدىن سورۇن تەييارلىقىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سوراشتۇراتتى، يوليورۇق بېرەتتى، نېمىلەرنىدۇر جىكىلەيتتى.

— ئا تۇەنجاڭ، تەييارلىقلار قانداقراق؟ — سورىدى ئۇ ئاخىرىدا، لېگەندىكى ئۈزۈملەرنى ئىشتىياق بىلەن يەپ ئولتۇرغان ھاجىنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— خۇددى مۇشۇ ئۈزۈمدەك...، — چىرايلىق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، داستىخاننى ئىما قىلىپ كۈلدى ھاجى.

— چاقچاق قىلماڭ. ئۆتكەندە ناھىيىنى 80 مىڭ يۈەن پۇلدىن قۇرۇق قويدىڭىز، يېزىغا بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن زىيان سالدىڭىز.

— ۋويي! قانداق قىلىپ؟ — ھاجى چۆچۈپ كەتتى.

— ھېلىقى خوپېرنى نېمىشقىمۇ سورۇنغا ئېلىپ كەلگەن بولغىيدىڭىز؟

– ئېلى تەمبۇرنى دەمسىز؟ قىزدىقچى – دە، ئۇ.

– ۋۇ، شۇنداق قىزدىقچى ھەزىلەكنى! – مۇدىر ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ تال قېرىسىغا زەردە بىلەن تۈكۈردى، – نازىرنى كەپتە شۇنداقمۇ چۈشۈرگەن بارمۇ؟ نازىر ئەسلىدە ناھىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇش راسخوتى ئۈچۈن كەملەيدىغان پۇلدىن 80 مىڭ يۈەننى ئۆزى باش بولۇپ ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان. ئۇ شۇم ئېغىزنىڭ ھېلىقى چاقچىقى ئېغىر كەلگەنچېغى، ئەسلىدە ناھىيىمىزدە ئۈچ كۈن تۇرىمەن دېگەن ئادەم ئەتىسىلا چاپان قېقىپ كەتكەنچە ھازىرغىچە 80 مىڭ يۈەن تۈگۈل ئىككى سىنت پۇلمۇ يوق. ئىسىت، شۇ كۈندىكى سورۇنغا چىققىم قىلىنغان بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن پۇل...

– بىر ئېغىز چاقچاق ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولسا، نازىرنىڭ ئۆزى نامەردىكەن، – دېدى ھاجى قىزىشىپ، – ئۇ سورۇندا ھەممىمىز ئاڭلاپ ئولتۇردۇققۇ، چاقچاقنى نازىر ئۆزى باشلىدى. ئۇ ئېلى تەمبۇرغا خەقنىڭ ئالدىدا: «قىسىپ دەسسەپ ماڭىدىكەنسەن، غىر - غىر كېسىلىڭ بارمۇ نېمە؟» دېۋېدى، ئېلى تەمبۇر ئۇلاپلا: «غىر - غىر كېسىلىمغۇ يوق ئىدى، سىلىنى دوراپ مېڭىپ ساپتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بولۇنغان گەپ شۇ. ئاتىنىڭ تېپىكىگە ئات چىدايدۇ. نازىر بولمىغۇر چاقچاقنى ئۆزى قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋابقىمۇ چىداش كېرەك – تە!

شۇ چاغدا:

– مېھمانلار كەلدى! – دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، نېمىنىدۇر دېيىشكە تەمشىلىپ تۇرغان مۇدىر چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈردى. تال باردىكى ئاستى بىر پەس جىمجىتلىققا چۆمۈپ، گويا ئادەملەرنىڭمۇ، زېمىننىڭمۇ تىنىقلىرى توختاپ قالغاندەك بولۇشتى. پەقەت تال باراڭلىقنىڭ بىر چېتىدە – تام تۈۋىدە ئەجەل تىنۋىشى سېزىپ، ئۆلۈم ۋەھشىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىپىرلاۋاتقان قويلارنىڭ ئەنسىز مەرىشلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەسلەپتە باغ دەرۋازىسى ئالدىدا جىددىي دۈپۈرلەش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ۋالىي، ئۇنىڭ يېنىدا ھاكىم، كەينىدىن بىر توپ ئادەملەر كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، تال باردىكى ئاستىغا كەينىچە مېڭىپ كىرىپ كېلىۋاتقان مۇخبىرلارنىڭ فوتو ئاپپاراتلىرى ئۆتكۈر چاقناش ئىچىدە كەينى – كەينىدىن شاقىلداپ، سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرى شىرىلداپ كەتتى. سورۇندىن جاي ئېلىشقان ئارتىسلار ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆڭلەك، يوپكىلىرىنىڭ ئىتەكلىرىنى تۈزۈشۈپ، چىرايلىرىغا خۇش تەبەسسۇم يۈگرۈتۈشتى – دە، ھاجىغا ئەگىشىپ قىزغىن چاۋاك چېلىشتى.

2

قاسىمجان ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە كەلگەندە ئادىلە جوزىغا يېيىۋالغان كىتاب – دەپتەرلىرىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ قولىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىكى قەلەم بىر ياققا قىسىيىپ قالغان. قىزنىڭ چىرايى نېمىشقىدۇ شۇنچە ھارغىن ۋە غەمكىن... زەيتۇنە كەچ سائەت يەتتىدىن ئاشقاندىمۇ ئادىلەنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ نەگە يوقالدىكىنە؟ قاسىمجان ئادىلەنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويماقچى بولۇۋېدى، ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ دادىسىغا ئېسەنكىرەپ قارىدى – دە، گويا بىر نەرسىدىن قورقۇۋاتقاندەك، دادىسى بىلەن ئۆزىنى ھىمايە قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك ئۇنىڭ بوينىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ:

– دادا، مەن قورقۇۋاتىمەن، – دېدى.

– ئاپىڭىز نەگە كەتتى بالام؟

– ئاپاممۇ؟ – دېدى قىز ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، – ئالۋانغا.

– ئالۋانغا؟ بۇ قانداق گەپ بالام؟

— ئۇقمايمەن. ئاپام شۇنداق دەيدىغۇ. ئۇ يەردە يىرتقۇچ بۈركۈتلەر بارمىش.

قاسىمجان قىزنىڭ ئۇيقۇ ئارىلاش دەۋاتقان بۇ سۆزىدىن قىزىقسىنىپ كۈلدى:

— ھازىر ئالۋان دېگەن نەرسە يوق. ئۇ دېگەنچۇ، چوڭ داداڭىز سىزچىلىك ۋاقتىدىكى ئۆتمۈش زاماندا بوپتىكەن.

— ياق، ھازىرمۇ بار ئىكەن، — كېپىدەچىنىڭ تۇرۇۋالدى ئادىلە، — دېدىمغۇ، ئۇ يەردە يوغان يىرتقۇچ بۈركۈتلەر بارمىش. مەن ئاپامدىن سىز بۈركۈتلەردىن قورقمامسىز دېسەم، ياق، قورقمايمەن، ئۇلارنى ھوشسىزلاندۇرۇپ قويالايمەن، دېدىغۇ ئەمەسە.

قاسىمجان شۇ چاغدىلا بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدى-دە، سىلىۋەتكەن چاپىنىنى يېڭىباشتىن كىيدى.

— نەگە بارسىز دادا؟

— ئاپىڭىزنى ئەكەلگىلى.

— ئەمىسە مەنمۇ بارىمەن، بولمىسا، ئۆزۈم يالغۇز قورقىدىكەنمەن.

— قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرۇڭ ئەمىسە، ئوبدان قىزىم، گەپ ئاڭلاڭ.

قىز دادىسىنىڭ بىردىنلا تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقان چىرايىنى كۆرۈپ ياۋاشلىنىپ جىم بولدى. قاسىمجان ئۇنى تام قوشنىسى-پېنسىيىگە چىققان تاشيول ئاسراش ئىشچىسى ئىبراھىم چوڭنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويدى-دە، ۋەلىسىپىتىگە مىنىپ يۈرۈپ كەتتى.

كۈز شامىلى كېزىپ يۈرگەن ئايسىز كېچە. چىراغلار غۇۋا يېنىپ تۇرغان كوچىلاردىن مەستلەرنىڭ ئالا-تاغىل ۋارقىراشلىرى، ئېگىز-پەس ناخشىلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئەتراپ جىمجىت، پەقەت كەچكى ئاشخانىلارلا ئۆزىنىڭ كۈندۈزدىكى قىزىق-ئاۋاتلىقىدىن كەتمىگەن...

قاسىمجان چوڭ يولغا چىققىنىيۇ بېشى قاتتى. زېيتۇنەكىملەر بىلەندۇر بىر يەرگە كەتكەنلىكى ئېنىق. ئەمما ئۇنى ھازىر بۇ شەھەرنىڭ نەرىدىن تاپىدۇ؟ «ھەي شۇ ئارتىسلىق... ئويۇن قويىدىكەنمىز، مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىكەنمىز، دەپ كەچلىكى مۇشۇنداق ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە جانغا ئەسقاتمايدىغىنى... شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتى شۇ بولغاندىن كېيىن نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش بۈگۈن بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتقىنى يوققۇ. نە-نەلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، تۈن تەڭگە يېقىن ماشىنىدا يېنىپ كەلگەن. ئەنسىرەپ كەتكۈلۈكمۇ ئەمەس. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولار.» خىيال ئۇنى بەزلىدى، غەم-ئەندىشىلىرىنى نەگىدۇر ئېلىپ كەتكەندەك بولدى، شۇ چاغدىلا ئۇ بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن چۆل-جەزىرىدە قۇرۇق نان غاجىلاپ كەچتە تېخىچە ھېچنېمە يېمىگەنلىكىنى، ئاچلىقتىن ئىچى قاراڭغۇلىشىپ، پۇت-قوللىنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۈستى يېپىلغان، تۈۋتاش كەتكەن كەچكى بازارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاشخانىلاردىن ئاشپەزلەرنىڭ تۈۋلاشلىرى، چۆمۈچ-ساپلىقلارنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرى، قورۇمىلارنىڭ ۋاژ-ۋۇژلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاسىمجان تونۇش ئاشخانىلارنىڭ بىرسىگە كىرىپ بۇلۇڭغا كىرىپ ئولتۇردى-دە، تىنىمسىز ئايلىنىۋاتقان توك شامالدۇرغۇچنىڭ شامىلىغا ئۆزىنى تۇتتى.

— تىنچلىقمۇ قاسىمجان؟ خوش، ئۆزلىرى نېمە يەيلىكىن؟ — دېدى ئاق دوپپىلىق، سېمىز، پاكار تاڭجاڭ ئۇنىڭ ئالدىغا يېڭىلا دەملەنگەن بىر چىنە چاينى قويۇپ، ئۈستەلنى تەخسە بىلەن يېپىۋېتىپ.

— لەغمەن يەيمىكىن.

— چۆپى قانداق؟

— ياپىلاق.

— مانا، ھازىر...

بىر قاچا ئاش بىلەن ئۇنىڭ چېكىسىدىن،

بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلدى.

تاشيول ئىشچىسى ئۇچۇن، گىياھسىز
قاقاس چۆلدە ـ شىۋىرغان ھۇۋلاپ تۇرغان
قەھرىتان قىشتا ئىچ ـ تېشى مۇزدەك قېتىپ،
يازنىڭ چىدىغۇسىز پىژغىرىم ئاپتىپىدا چوغ
ئۇستىدىكى گۆشتەك قورۇلۇپ، ھېرىپ ـ ئېچىپ
ئىشتىن چۈشكەندە مۇشۇنداق بىر قاچا مەززى-
لىك تاماققا ئېرىشىش قانداق راھەت ـ ھە؟!
مۇنداق چاغدا زەيتۇنە ئۆيدە بولۇپلا قالسا،
ئەمگەك جاپاسىدىن ماغدۇرسىزلىنىپ قەدەملى-
رىنى ئاران بېسىپ كىرگەن ئېرىنى قانداق
كۈتۈشنى ياخشى بىلەتتى. ئالدى بىلەن چاڭ ـ
توپىدىن مەينەتلەشكەن كىيىملىرىنى دالان
ئۆيدىلا سالدۇرۇپ، ئالدىغا داستا ئىس-
سىق سۇ تەييار قىلاتتى. باش ـ كۆزلىرىنى
يۇيۇپ تېتىكلىشىپ قالغان ئېرىنى كىرىسلوغا
ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىغا خۇددى مۇشۇنىڭدەك ئاچ-
چىق قارا چاي دەملەنگەن بىر چىنە قىزىق
چاي قۇياتتى ـ دە، گۆشلىرى تىترەپ تۇرغان
ياغلىق قورۇما بىلەن يوغان تەخسىدە چۆپى
پاپىلاق تارتىلغان ئىسسىق لەغمەن كەلتۈرەت-
تى ... ھەي ... بۈگۈن كەچتە زەيتۇنە ئۆيدە
يوق بولۇۋېدى، ئۇ، بۇ ئاشنى خۇددى ئۆي ـ
ماكانى يوق يولۇچىدەك ئاشخانىدا يېمەكتە ...

نېرىقى جوزىدا بوشىغان تەخسىنى نېرى
سۈرۈپ قويۇپ قۇرۇق چاي بىلەن بىر بوتۇلكا
ھاراقنى ئوگچە ئېچىپ ئولتۇرغان ناتونۇش
بىر ئادەم بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ قاسىمجاننىڭ
يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا ئىلتىپات بىلەن
كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ـ دېدى.

ـ كەلسىلە، ـ ئورنىدىن قوزغالدى قاسىم-
جان بۇ ئادەمنى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە
ئالالماي. ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن سارغۇچ سا-
قال ـ بۇرۇتلىرىنىڭ ئىچىدە يۈزىنىڭ ئازغىنە
بىر قىسمى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ھوشيار كۆز-
لىرىدە تەگسىز بىر مۇڭ، چىرايىدا ئەلەم ۋە

ھەسرەتتىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ
سىياقىدىلا كۆرۈش مۇمكىن بولىدىغان قايغۇ-
لۇق بىر ئىپادە ئەكىلەپ تۇراتتى. ئۇ، پىيالىگە
بۇلدۇقلىتىپ ھاراق قۇيدى ـ دە، قاسىمجاننىڭ
ئالدىغا قويۇپ:

ـ سىز بىلەن ئۇلپەتلەشكۈم كەلدى، كۆڭ-
لۈم تارتىپ قالدى. ئىچەمسىزنى پۇشۇرماڭ.
پۇشۇرسىڭىزمۇ بىكار ... ئېلىڭ، ئازراق ئە-
چىپ قويۇڭ، ـ دېدى.

ـ ئۆزلىرى ...، ـ دېدى قاسىمجان بۇ
ئادەمنىڭ غەلىتە گەپلىرىدىن ئېسەنكىرەپ، ـ
ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، ئۆزلىرىنى تونۇيالماي
قالدىم.

ـ خۇددى سىزگە ئوخشاش دەردمەن ...
مەن سىزنى تونۇيمەن ئۇكام. قاسىمجانغۇسىز،
زەيتۇنەنىڭ يولدىشى. سىز مېنىمۇ بىلىسىز،
تامارانىڭ دادىسىمەن ... ...

ـ ئەستا ... نەسىرۇللا ئاكاممۇ سىلى؟ ـ
دېدى قاسىمجان ئوڭايسىزلىنىپ. تامارا ...
قاسىمجان ئۇنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ زەيتۇنەنىڭ
شاگىرتى، زەيتۇنەدىنلا قالسا، ئۆمەك بويىچە
داڭلىق ئۇسسۇلچى.

ـ پەرزىمچە، ھېرىپ ـ ئېچىپ ئىشتىن
كەلگەندە ئۆيدە خوتۇنىڭىز بولمىغانىدىن كې-
يىن كەگزىدە مۇشۇنداق ئاچچىق يۇتۇپ
ئولتۇرۇسىزغۇ. مەنمۇ شۇ، قىزىمنىڭ خاپىچى-
لىقى ...، ـ ئۇ كېيىنت قەغىزىگە تاماكا ئورا-
ۋېتىپ يەنە ئاچچىقى بىلەن سۆزىنى داۋام
قىلدى، ـ ھەي ... مۇشۇ كۈندە نېمە بولۇپ
قالدۇق ئۇكام؟ ئېيتىڭا، نېمە بولۇپ قالدۇق؟

قاسىمجان ئالدىراپ يېنىدىن سىگارت ئې-
لىپ نەسىرۇللا ئاكىغا ئۇزاتتى. ئۇ بېشىنى
چايقاپ:

ـ رەھمەت ئۇكام، مۇشۇ ئاچچىقنى چېكەي، ـ
دېدى، ـ ئويلاپ بېقىڭا، شوۋىچى بولۇپ قال-
دۇقمۇ ئەمدى. قاپىقىڭىزنى تۈرمەڭ، شۇنداق...
شوۋىچى بولۇپ قالدۇق. ئارتىس نەقەدەر

ئىپتىخارلىق نام؟ ئۇنى دېسەڭمىز، كىچىككىمدە مەنمۇ سانايى نەفىسەدە ئارتىس بولغانمەن، غېرىب بىلەن تاھىرنىڭ رولىنى ئېلىپ چىققانمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا خەقمېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن، شەنىمگە باردىكاللا ئېيتىشقان. ھازىر دېگەن تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىس دېگەن دۆلەتنىڭ كادىرى، مائاشلىق، ئەتىۋارلىق ئادەملىرى ... پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ئاممىغا تەشۋىق قىلغۇچىلار ... ئەمما ھېلىقى خۇمىلارنى قارىمامسىز ئۇكام، ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرىنى ئۆيىگە سولاپ قويۇپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرىغا كۆڭلىنى ئاچتۇرىدۇ. بۇ ئۆمەكنىڭ ئارتىسلىرى ئارتىس ئەمەس، ئاشۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان كېنىزەكلىرى بولۇپ قالدىغۇ... بىر - ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ قېرىغىنىنى تويماي تانسا ئوينىغاننى باھانە قىلىپ قىزىمغا بەتقىلىقلىق قىپتىكەن، قىزىم ئۆيىگە كېلىپ ماڭا يىغلىماسمۇ! ئەلەم - خورلۇقتىن جاھاندا بىر بار، بىر يوق بولۇپ كەتتىم ئۇكام. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، ئۇلار بېرىپ ھاكىمنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتەرمىش. بارمىسا ئايلىق مۇكاپات پۇلىنى تۇتارمىش. ئاچچىقىمدا، بوپتۇ، بارما! شۇنداق دېگەنلەر ئايلىق مۇكاپات پۇلىنى چېكىسىگە تاڭسۇن، خوتۇنىغا ئوسما ئېلىپ بەرسۇن دېدىم. بىراق ئۇ بارمىسا ئىش مۇكاپات پۇلىنى تۇتۇۋېلىش بىلەنلا تۈگىمەسمىش، ئۈچ ئالارمىش، چەتكە قاقارمىش... ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئەۋەتمەي نېمە ئىلاج؟ قىزىمنى ماڭدۇرۇۋەتتىممۇ، ئۆزۈمنى خۇددى يۇيۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان گۇناھقا پېتىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. شۇنداق... شوۋىچى بولۇپ قالدۇق... بۇ كېيىمىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز ئۇكام...

نەسىرۇللا ئاكا بۇقۇلداپ يىغلىدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ خېلىدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز يېشىنى پۇرلىشىپ كەتكەن كىر ياغلىقى بىلەن سۈرتىۋېتىپ:

— نامرات بولسامۇ ۋىجدانىم بار ئادەممەن. تامارانى ئارتىسلىقتىن ھامان باشقا كەسىپكە ئالماشتۇرغۇزۇۋېتىمەن، ئالماشتۇرۇۋەتمەي قويمايمەن. خىزمەت تېپىلمىسا كوچا سۈپۈرگۈچى بولسىمۇ مەيلى، — دېدى.

قاسىمجان نەسىرۇللا ئاكىنىڭ ئەلەم بىلەن بوغۇلۇپ، قايناپ سۆزلەشلىرىدىن دىمى ئىچىگە چۈشۈپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ۋۇجۇدى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن ئوخچۇپ چىقىۋاتقان سېرى كۈچىيىۋاتقان خورلۇق ۋە غەزەپ دولقۇنىدىن داۋالغۇپ تىترىدى... ئۆتكەندە بىر ئاغىنىسى ئارتىسلار توغرىلىق سۆز ئېچىپ قېلىپ بىلىپ - بىلمەيلا: «ھەي... ئارتىستىن خوتۇن ئالغان ئادەمنىڭ ساقىلىغا سامان» دەپ سالغىنى ئۈچۈنلا ئىچىدە ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن رەنجىپ يۈرگەن. ياق، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ھەرگىز ئاساسسىز ئېيتىلمىغان ئىكەن-دە! قاسىمجان بۈگۈن ئۆزىنىڭ ھاراققا زادىلا رايى يوقلۇقىغا قارىماي نەسىرۇللا ئاكا ئۇزاتقان ھاراقنى قارشىلىقسىزلا ئىچىپ تۈگەتتى.

نەسىرۇللا ئاكا بىردە قاينىماقتا، بىردە ئائىلىسىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرى — تامارانىڭ ئانىسىنىڭ بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن نەچچە ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، خوتۇنلارنىڭ ھېچقايسىسى تامارانى ئۆز قىزىدەك ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى قويۇۋەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېكايە قىلماقتا. ئەمما ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى قاسىمجاننىڭ قۇلىقىغا كىرەر ئەمەس. خىيالىدا «ئالۋان»غا كەتكەن ئايالى... گۇمان... كۈندەشلىك... خورلۇق... ئازاب... ئۇ ئاشۇ خىياللار ئىچىدە دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئالدىغا كەلگەن ھاراقنى ئۈن - تىنسىز ئىچمەكتە...

كەيپسىزلىكتە ئىچكەن ھاراق قاسىمجاننى

تېزلا مەست قىلىپ قويدى. ئۇ نەسىرۇللا ئاكا بىلەن نېمىدەپ خوشلاشتى؟ ئاشخانىدىن ئىككىسى بىللە چىقتىمۇ ياكى ئۆزى يالغۇزمۇ؟ بۇلار ئۇنىڭ يادىدا يوق. ئۇ ۋەلسىپىتنى مىنەلمەي يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى قېتىم يىقىلدى، كىملەرنىدۇ غەزەپ بىلەن تىللىدى، تۈكۈردى. ۋەلسىپىتنى يېتىلەپ ئۇدۇل سەنئەت ئۆمىكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. دەرۋازا تاقالغان. ئۇنىڭ كىچىك ئىشىكى يېنىدا قېرى دەرۋازىۋەن مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

— تۈەنجەڭمۇ قېنى؟— قوپال ئاۋازدا سورىدى قاسىمجان. ئۇ دەرۋازىۋەننىڭ ئالدىدا تىنىمسىز چايقىلىۋاتقان گەۋدىسىنى زورغا باشقۇرۇپ ئارانلا ئۆرە تۇراتتى.

— تۈەنجاڭ... بىرىيەرگە كەتتىغۇ دەيمەن،— دېدى دەرۋازىۋەن پەرۋاسىز ھالدا.

— قوپ، ئۇنى ھازىر تاپ.

— ھازىر تاپ؟— دەرۋازىۋەن مەسخىرە بىلەن ھىجايدى،— ئۇنىڭ نەگە كەتكىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟

— سەن توكۇر ئەبلەخ!— قاسىمجان بىر قولىدا دەرۋازىۋەننىڭ ياقىسىدىن قۇشتەك قامالاپ، بىر قولىدا زاڭىقىنى كۆتۈرۈپ بېشىنى ياغاچ دەرۋازىغا نىقتىدى،— سەن دەرۋازىنى كېچە - كۈندۈز ئىتتەك باقىسەنۇ، تۈەنجەڭنىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلمەمسەن؟ بىلمىسەن سەن ماڭا ئۇ ھەزىلەكنى تېپىپ بەرمەي قۇتۇلالمايسەن!

— ۋوي - ۋوي قاسىمجان...،— ئارانلا خىرقىرىدى دەرۋازىۋەن ئۇنىڭ قولىدا تىپچەكلەپ،— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانلا. مەن تېپىپ بېرەي. كېلىمنى قويۇۋەتسىلە، خۇدا ھەققى...

— ئەمىسە چاپسان ئېيت!— دېدى قاسىمجان ئۇنىڭ كېلىنى قويۇۋېتىپ،— نەگە كەتتى ئۇ ھەزىلەك؟

— گۈ... گۈلباغقا.

— ئارتىسلارمۇ شۇ يەرگە كەتتىمۇ؟

— ھەئە، مىنبۇس ماشىنا بىلەن.

قاسىمجان ئەمدى ياكى سەنتۈرۈلمىدى، ياكى يىقىلمىدى. يەردە ياتقان ۋەلسىپىتنى جالاقلىتىپ كۆتۈرۈپ ئارقىسىغا بۇراپ چەبدەسلىك بىلەن مىندى-دە، ۋېلسىپىتنى چاپتۇرغىنىچە ئۇدۇل گۈلباغ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

گۈلباغ...

ئۇ، ئالەمدىكى جىمى خۇشاللىق، ھايات لەززىتى، راھەتبەخش تۇيغۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە خورلۇق، ئازاب ۋە بىچارىلىقنىڭ ئۈنسىز نىداسىنى، ھەسرەتلىك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرىنى ئۆز باغرىغا سىڭدۈرۈپ، ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا كېچە قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. دەرۋازىنىڭ ئىككى قاسىنىقىغا پىكاپلار قاتار توختىتىپ قويۇلغان. ئېلېكتىر چىراغلىرى تال باراڭگى ئاستىنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئېلېكترونلۇق پىئانىنونىڭ سەزگۈرلەرنى ئەسىر قىلغۇچى تىترەڭگۈ، جۇشقۇن، خۇش ئاۋازى بىر خىل رىتىم ئىچىدە كېچە ھاۋاسىنى دولقۇنلىتاتتى. نىھايەت بۇ خۇش ئاۋازلار قاسىمجاننىڭ قۇلىقىغا خۇددى ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، قۇلىقىغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ ۋەلسىپىتنى يېتىلىگىنىچە ئۇدۇل دەرۋازا ئىچىگە قاراپ ماڭىۋېدى، شۇئان دەرۋازا يېنىدىن ئىككى ئادەم چاچراپ قوپۇشقىنىچە قاسىمجاننىڭ ئالدىنى توستى:

— توختاڭ، يولداش! نېمە ئادەمسىز؟

— سىلەرچۇ؟ سىلەر نېمە ئادەملەر؟

— بىز بۇ يەرنىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىلىرى.

— مەنمۇ شۇ!— دېدى قاسىمجان ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكىدەك ئاۋازدا.

ئۇلار مۇھىم بىر گۇمانلىق ئادەمگە دۇچ كېلىپ قالغاندەك قاسىمجاننىڭ ۋەلسىپىتىگە تەڭلا ئېسىلىشتى:

— توختاڭ، كىنىشكىڭىزنى چىقىرىڭ، نەنىڭ قوغدىغۇچىسىسىز؟

— ئۆيۈمنىڭ! ئايالىمنىڭ!

— سىز ئېغىر مەستكەنسىز، بىزدىن رەنجىپ قالماي دېسىڭىز ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن كېتىۋېلىڭ! — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى تەھدىت تەلەپپۇزىدا قاسىمجانىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ.

— ئىتتىرمە ئاداش! نېمە ئىتتىرىسەن؟ — قاسىمجان ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ چۈشۈردى، — مەن ئايالىمنى ئېلىپ كېتىمەن، خاتىرجەم بول، ھەر قايسىڭنىڭ سورۇنىغا ھەرگىز كىرىۋالمايمەن!

— كىمنىڭ يولدىشىسىز؟

— زەيتۇنەنىڭ.

— زەيتۇنە ھازىر خىزمەت ئۈستىدە. ئۇنى ھازىر ئېلىپ كېتىمەن دېسىڭىز بولمايدۇ - دە.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئۇ مېنىڭ ئايالىم!

— دۇرۇست، ئۇ ئۆيىڭىزدىلا سىزنىڭ ئايالىڭىز، بىراق بۇ يەردە ئۇ ئارتىس، بىلەمسىز بۇنى؟

دەل شۇ چاغدا تال بارىڭىغا كىرىش ئىشىكى يېنىدا ئاياغ ئۈكچىسىنىڭ تېز - تېز تاقىلدىغىنى، ئاندىن كىمدۇ بىرسىنىڭ:

— ۋوي، توختاڭ زەيتۇنە... ئاپلا، بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

قاسىمجان كۈچلۈك قول پەنجىسىنىڭ زەربىسى بىلەن ئالدىدىكى ئىككى نەپەر ئامانلىق ساقلاش خادىمىنىڭ كەينىگە داجىپ نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ يىقىلغىنىنى سەزمىدى. قاسىمجان يۈگۈرۈپ زەيتۇنەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنى زەيتۇنەمۇ، زەيتۇنەنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقىپ:

— ئەستا، ئۇكام، بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك؟ ۋالىيىنىڭ ئالدىدا بىزنى تىرىكلا ئۆلتۈردىڭىزغۇ! — دەپ ئەيىبلەۋاتقان ھاكىممۇ كۆرمەي قالدى.

3

لېگەن - لېگەنلەردە گۆش، پەتنۇسلاردا كاۋاب، داستىخاننىڭ يۈزىنى بىر ئالغان نان - توقاچلار، مېۋە - چېۋىلەر ... بۇلارغا قاراشقا ھازىر ھېچكىمنىڭ چولىسى يوق. يېڭىلا ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان يېڭى باشلىقى ھاراق بىلەن لىق توشقۇزۇلغان 20 نەچچە رومكا قاتار تىزىلغان گۈللۈك پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ مېھمانلارغا بىر - بىرلەپ تۇتۇش بىلەن ئالدىراش. ئەمدى رومكىدىكى ھاراقنى ئاچچىقلىقىدىن تولغىنىپ، سەسكىنىپ - قېقىلىپ تۇزۇپ ئىچىدىغانلاردىن بىرسىمۇ قالمىدى. رومكا بىر چاغدا پىيالىگە ئالماشتى. مەستلىكتىن كۆپكەن، تاتارغان، قىزارغان چىرايلاردا، بىرلىرىنىڭ پارقىراپ، بىرلىرىنىڭ قىسىلىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىدە ئەسەبىي شادىيانىلىق، ئېچىرقاش ۋە قىزغىن تېنەشنالىقنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى جىلۋىلىنەتتى.

تانسا خېلىدىن بېرى داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەرلەر قارا تەرگە چۆمۈپ، ئېغىر كەۋدىلىرىنىڭ ئارتۇقچە زورۇقۇشىدىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېتىشىۋاتقانلىقلىرىغا قارىماي ئۆزلىرىنى بارغانسېرى روھلۇق، چەبدەس، ۋۇجۇدىدا كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە ھېس قىلىشماقتا، پېشقەدەم ۋالىي بولسا تېخىمۇ شۇنداق. كەچتە پىكاپتىن چۈشۈۋاتقان چاغدا ھارغىنلىق ۋە ئارتۇقچە چارچاشتىن ئالدىغا مۈكچىيىپ قالغان قەددى ئەمدى بىردىنلا ئىچىگە يەل ئۇرۇلغان چاق كامىردەك كۆپۈپ، تىكلىنىپ، مېھمانلار ئارىسىدا ئۆزگىچە جۇشقۇن بىر قىياپەت ئىچىدە كۆرۈنمەكتە.

ۋالىي زەيتۇنەنىڭ ۋۇجۇدىدىن شېرىنلىكىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدىكى لەززەتلىك غىدىقلىنىش تۇيغۇسىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ گۆشلۈك، قېلىن ئالقانلىرى ئارىسىدىكى ئىنچىكە بارماقلار لەغمەن پىلتىسىدەك يۇمشاق، چوغدەك ھارارەتلىك... چىغىرتماق گۈللۈك نېپىز كىرپېتىشىن كۆڭلىكى ئىچىدىكى ئىنچىكە بەللىرى بولسا گۈل بەرگىدەك نازۇك ۋە ئەۋرىشىم ئىدى. چىلگىدەك دۈپدۈملاق تولغان كۆكسى رىتىملىق چايقىلىش ئىچىدە خۇددى ياپراق ئۈستىدىكى تاڭ

شەيئىلەردەك ئىتىرەپ تۇراتتى. مەرمەردەك ئاپئاق بويىنىدىكى ئالتۇن زەنجىر رەڭمۇرەڭ جۇلالىنىپ، شەھلا كۆزلىرىدىن تارام - تارام نۇر تۆكۈلەتتى. يەلكىسىنى يېپىپ تۇرغان قاپقارا بۇدرە چاچلىرى خۇددى تاغ سەلكىنىدەك يۇمشاق ۋە راھەتلىك ئىدى... ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن نۇر كەبى تۆكۈلۈۋاتقان بۇ شاھانە گۈزەللىك ۋالىينىڭ ۋۇجۇدىدىكى شورلۇق دالىنىڭ قومۇشلىرىدەك ئاللىقاچان قۇرۇپ ئۆلگەن ئىرلىك سېزىملىرىنى قايتىدىن ئويغاتتى. سېزىملىرى ئويغانغاندىن كېيىنكى چىداپ بولماس تەشنالىق ۋە يۈرىكىگە كۆپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان ئوتلۇق ھارارەتتىن ۋۇجۇدى ئېرىپ سىمابتەك تىترىدى. بۇ تىترەش، بۇ ھاياجان خۇددى بوران سوققان زور يانغىندەك ئۇنىڭ يۈرىكىدە پەللىمۇ پەللە ئۆرلەپ، ئۇ، ھايۋانلاردا بولىدىغان بىر خىل ئەسەبىي ئېچىرقاشقا ئايلىنىۋاتاتتى. بۇ ئەسەبىيلىك، بۇ ئېچىرقاشنىڭ كۈچ-قۇدرىتى شۇنچىلىك چەكسىز، شۇنچىلىك لەززەتلىك ۋە شېرىن ئىدىكى، بۇ راھەتبەخش ئاتەشلىك تۇيغۇ ئىچىدە نۇمۇس - ھايامۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ۋالىيلىقىدىن ئىبارەت سەلتەنەتلىك تاجىمۇ خۇددى غاجاپ تاشلىۋەتكەن قوغۇن شاپىقىدەك ئەرزىمەس، قەدىرسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ھەئە، ئۇ شۇ تاپتا ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسىنى، ئۆزىنىڭ ۋالىيلىقىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا زەيتۇنەنىڭ ئوتلۇق ۋۇجۇدىدىن ھېس قىلىۋاتقان ھوزۇر ۋە لەززەتنىڭ شېرىن كەيپىنى سۈرۈۋاتاتتى. ئاھ، قىزلار بەخش ئېتىدىغان تولىمۇ شېرىن، شېرىنلىكىگە چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان چەكسىز لەززەت...! بۇنداق لەززەتنى ئۇ يەنە قاچان ھېس قىلغان بولغىيدى - ھە؟ توغرا، بۇندىن بەش يىل بۇرۇن... دەل مۇشۇنداق كۈز مەزگىلى...

... قىيا ئېچىقلىق تۇرغان ئىشىك بوشقىنە چېكىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىجازىتىسىزلا ئىشخانىسىغا سەھراچە كىيىنگەن بىر قىز تارتىنىپقىنە كىرىپ كەلدى، ياق... ئىشخانىسىغا ئادەم زاتى ئەمەس، بىر پارچە يارقىن نۇر بالقىپ كىرگەندەك بولدى. قىز ئاپتاپتا كۆيگەن، كونىرىغان كۆڭلەك كىيىۋالغىنىغا قارىماي ۋالىينىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ۋە ئوماق ئىدى. سەزگۈر ۋالىي ئۇنىڭ مەسۇم كۆزلىرىدە لىغىلداپ تۇرغان ياشتىن، قولىدا مىجىقلاپ تۇرغان بىر پارچە خەتتىن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن بىر ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى - دە، ئۇنى كۆيۈمچان بىر رەھبەرگە خاس ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى. ئىلتىماسقا قىزنىڭ كېلىش سەۋەبى ۋە تەلەپلىرى تەپسىلىي ھەم ئوچۇق يېزىلغان. قىز ۋىلايەتكە يېقىن ناھىيىدىكى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىسى ئىكەن. ئۇ ئالىي مەكتەپكە يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتكەن، ھەتتا يېقىندا چاقىرىقنامىمۇ تاپشۇرۇۋالغان. ئەمما ئاغرىقچان تۇل ئانىسىنىڭ قولى قىسقا، قىزنى مەكتەپكە يولغا سالغۇدەك مادارى بولمىغانلىقتىن، قىز تەرەپ - تەرەپكە چاپقان. ئەمما ناھىيىدە ھېچكىم ئۇنىڭ ئەرز - دادىغا قۇلاق سالمىغان. شۇڭا ئىلاجىسىز ۋالىينى ئىزدەپ كېلىشى ئىكەن.

— مۇنداق دەڭ، — ۋالىي قىزنىڭ ئىلتىماسىنى ئوقۇپ بولۇپ بىردىنلا قاپاقلىرىنى تۈردى، — مۇشۇ كۈندە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتمىكى ئاسان ئىشمۇ؟ سىز ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان تۇرۇقلۇق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن مەكتەپكە بارالمىغان بولسىڭىز، بۇ سىزدەك بىر ياشقا نىسبەتەن تولىمۇ ئۇۋالچىلىق بولىدۇ - دە. ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى ئىزدىمىدىڭىزمۇ؟ ھىم، شۇنداق دەمدۇ تېخى! بۇ ئادالەتسىزلىك! بىر رەھبەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالغانلىق... يىغلىماڭ، قېشىمغا كېلىڭا، سىزنىڭ ئوقۇش چىقىمىڭىزنى

كۆتۈرگەنگە ناھىيىنىڭ پۇلى تۈگەپ كېتەتتىمۇ؟ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ... يىغلىماڭ... ياخشى كەپسىز. ئالدىڭىزدا مەن تۇرۇپتىمەنغۇ مانا... سىزنىڭ ئىشىڭىز ئالاھىدىرەك ئەھۋال ئىكەن. مېنىڭچە، ناھىيە سىزنىڭ يول خىراجىتىڭىزنىلا ئەمەس بەش يىللىق ئوقۇش راسخوتىڭىزنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. يىغلىماڭ... بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ ... ھە... ھە... يېقىنراق ئولتۇرۇڭ...

ۋالىينىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن قىزنىڭ پۇت-قولىغا جان كىرىپ، ئۆچكەن ئۈمىد شامى قايتىدىن ياندى، ياق! ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسى يېنىدا! قايتىدىن تىرىلگەندەك بولدى! بىر مېھرىبان-شەپقەتچى قول ئۇنىڭ بېشىنى سىلاۋاتاتتى. ۋالىي دەسلەپتە قىزنىڭ ئۇچلۇق ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، ئۇياتچانلىق ۋە تارتىنىش بىلەن يەرگە ئىگىپ تۇرغان بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئالمىدەك قىزارغان يۇمران مەڭزىنى، توزۇپ تۇرغان چاچلىرىنى سىلىدى، پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغان سىكىلەكلىرىنى قولىقىنىڭ كەينىگە قايرىپ قويدى. قىز قىزاردى، بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى... ۋالىي يۈرىكىگە بۇلاق سۈيى كەبى ئاستا-ئاستا سىرىغىپ تولۇۋاتقان قىزغىن بىر تەشنالىقتىن ئۆزىنىڭ باشقىچە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھودۇقۇش، تەشۋىش ۋە ئىزتىراپتا ئىچ-ئىچىدىن تىترىگەن ھالدا قىزنىڭ يېنىغا تېخىمۇ يېقىن سىلجىدى:

— بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ... نېمىشقا تارتىنىسىز؟

— ئۇياتقىم كېلىدۇ.

— مەن سىزگە دادىڭىزنىڭ ئورنىدا دادا، قورۇنماڭ، ئازادە ئولتۇرۇڭ...

— شۇنداق بولسىمۇ...

ۋالىي شۇ چاغدىلا ئېسىنى يىغدى. ھەر قانداق ئىشنى ئەزەلدىن سالماقلىق ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن قىلىشنى خوپ كۆرىدىغان ۋالىي بۈگۈن نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئالدىراقسان، سەۋرى-تاقەتسىز بولۇپ كەتتى؟ ياق... قىز دېگەن ئوچاق ئۈستىگە قويۇلغان بىرقاچا سۈت... ئۇنى پۈۋلەپ تۇرۇپ ئاستا-ئاستا پىشۇرمىسا، قىزدىق ئوتنى ھەرگىز كۆتۈرمەيدۇ...

— چاقىرىق قەغىزىڭىز مەندە قالسۇن، — دېدى ۋالىي دەرھال ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سالماق ۋە ئېغىر-بېسىقلىقىغا قايتىپ، — مەن ۋاقىت چىقىرىپ ھاكىم بىلەن كۆرۈشەي، ئۇنىڭغا مائارىپ خىراجىتىدىن سىزگە يېتەرلىك پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى تاپىلاي.

— رەھمەت سىزگە! — دېدى قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە باللارچە سەبىي ئوماقلىق، چىرايىدا ئۈمىد ۋە خۇشاللىقنىڭ بىغۇبار تەبەسسۇمى پارلاپ تۇراتتى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — ۋالىي يانچۇقىدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئېلىپ قىزغا تەڭلىدى، — بۇنى خەجلەپ كېتىڭ. شەھەر ئەمەسمۇ... ئۇنى-بۇنى ئالغىڭىز كېلەر...

ئون يۈەن... نېمانچە جىق پۇل؟! ئۇ بۇنداق پۇلنى باشقىلارنىڭ قولىدا كۆرگەنۇ، ئۆزى تۇتۇپ خەجلەپ كۆرمىگەن!

— بۇ... بۇ... ياق - ياق... رەھمەت...، — دۇدۇقلىدى قىز بىر خىل تەمتىرەش ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە كەينىگە داجىپ.

— ئېلىڭ... ئېلىڭ... تارتىنماڭ...

قىزنىڭ قولى تىترىدى، يۈرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ پۇلنى ئالدى... ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە قىز ۋالىينىڭ ئىشخانىسىغا يەنە كەلدى. تەدبىرلىك ۋالىي قىزنىڭ پۇت-قولىنى قولىدىكى كۆرۈنمەس زەنجىر بىلەن ئاللىقاچان چىرماپ قويغان. بۇ زەنجىرنىڭ قىزنى ھامان ئۆزىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئالدىدا تارتىنىش ۋە ئۇياتچانلىق بىلەن تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرغان بۇ قىزنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەيلا ئۆزى بىر خىل كۆيۈمچانلارچە سۆزلەپ كەتتى:

— ھاكىمغا سىز كەتكەن كۈنىلا سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرىلىق تېلېفون بەرگەن ئىدىم، ئەستا، راستىنىلا تەس ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ ئىش... ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، خۇددى سىزگە ئوخشاش ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلار ئاز ئەمەسمىش... سىزنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىڭىزنى ھەل قىلىپلا قويسا ئۇلارنىڭكىنىمۇ ھەل قىلمىسا بولماسمىش. راست ئەمەسمۇ، بىر ناھىيە ئۈنچىلىك ئېغىر ئىقتىسادىي يۈكنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ كېتەلەيدۇ دەيسىز؟

— ئۇنداق بولسا، داشۆگە بارالماي قالارمەنمۇ ئەمدى؟ — قىزنىڭ كۆزلىرىدە ياش مۆلدۈرلىدى. ئاۋازى شۇنچىلىك ھەسرەتلىك، چىرايى شۇنچىلىك مىسكىن ۋە ئايانچلىق ئىدى.

— ياق - ياق...، — قىزنى ئىشەندۈرگۈچى كەسكىن ئاۋازدا ئېيتتى ۋالىي، — ھاكىم بۇنداق باھانە - سەۋەب كۆرسەتسە قانداق بولىدۇ؟ سىزنىڭ ئىشىڭىز ئايرىم ئەھۋال، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ - دە. بۇ ئىشتا ئەڭ مۇھىمى ھاكىمنىڭ ئۆزى گاللىۋاڭلىق قىلغان. ھېچ بولمىغاندا يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ناھىيىنىڭ كەلگۈسى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستىقبالىغا كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ تەسىرىنى چۈشەنمىگەن... ئالدىرىماي تۇرۇڭ، مەن بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن مەخسۇس سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرىلىق ناھىيىڭىزگە بارىمەن، بارغاندا قانداق قىلىدىكەنمەن؟ ئۇ دۆت ئېشەكنىڭ تانابىنى تارتىپ...، — ۋالىي ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ سۆزلەشتىن دىمى كېسىلىپ قېقىلىپ يۆتەلدى. ئىشىك تۈۋىدىكى تۈكۈرۈك قاچىسىغا بېرىپ تۈكۈردى، ئاندىن قىزنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ يېنىغا يېقىن ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى، — سىلەر دېگەن كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ خوجايىنلىرى، — دېدى ۋالىي ھاياجانلىنىپ، — ئەدەبىيات فاكۇلتېتى... ئىشقىلىپ بۇمۇ ياخشى كەسىپ. بىراق، مېنىڭچە بولغاندا، سىز باشقا بىر كەسىپتە ئوقۇغان بولسىڭىز، بۇنىڭ سىزگە بولغان ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولاتتى.

— قايسى كەسىپتە؟— قىزىقىپ سورىدى قىز.

— سەنئەت شۆبىلىرىنىڭ بىرىدە. مەملىكىتىمىزدە مۇنداق شۆبىلەر كۆپقۇ. ئىشىنىمەنكى، سىز ئۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن چوقۇم داڭلىق ئۇسسۇلچى ياكى كىنو چولپىنى بولۇپ چىقاتتىڭىز.

— بىراق، مەن ئەدەبىياتنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ ئەمىسە، چاقىرىدىغان قەغىزى كېلىپ بولغاندا ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ ياخشى ئوقۇڭ، بەش يىل كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا مەن سىزنى ئۆزىڭىز ئىشلەشنى خالىغان ئەڭ ياخشى ئىدارىلەرنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇرىمەن.

— مەن ئۆزۈم ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەشنى خالايمەن.

— يېزىدىمۇ؟ ۋاي پوندىلەك قىز...!— ۋالىي قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ قىزنى بىردىنلا مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، قىزنىڭ مەڭزىگە، بويۇنلىرىغا، لەۋلىرىگە، قۇلاقلىرىغا، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئاچكۆزلەرچە سۆيۈپ كەتتى. قىز ئۇنىڭ قۇچىقىدا جېنىنىڭ بارىچە تېپىرلايتتى، يۇلقۇناتتى.

— ۋالىي... ۋالىي... بۇ... بۇ... ئۇنداق قىلمىسىلا ...

— ياق - ياق... ئاپئاق گۈزىلىم... پەرىشتەم...

— سەتلەشمىسىلە... دادا يوللۇق ئادەم سىلى...

— جېنىم تاتلىق... مەن سىزنى بەختكە ئېرىشتۈرىمەن... ئالىي مەكتەپتە ئۆز خىراجىتىم بىلەن ئوقۇتىمەن...

قىز ئۇنىڭ قاۋۇل بېلەكلىرىنىڭ ئامبۇردەك ئىسكەنجىسى ئىچىدە تىپىرلاپ، يۇلقۇنۇپ ھالىدىن

كەتتى، ماغدۇرسىزلاندى... ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. ۋالىي ئۇنى شۇ تەخلىتتە قۇشتەك قامالاپ كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئىشخانىسىدىكى چارچىغاندا ئارام ئېلىش ئۈچۈن راسلاپ قويۇلغان يۇمشاق، لۆم - لۆم كارىۋات ئۈستىگە قويغىچىمۇ قىز جان - جەھلى بىلەن ئېلىشتى، چاچلىرىنى يۇلدى، يۈزلىرىنى مورلىدى، ۋارقىرىدى، زەئىپ، مەھكۇمانە ئاۋازدا نىدا قىلدى... لېكىن كۈتۈلمىگەندە كارىۋات يېنىدىكى ئۈنئالغۇدىن يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىلىۋاتقان ناخشا، ئېلېكترونلۇق مۇزىكىنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭى ئىچىدە قىزنىڭ ئازابلىق نىداسى ۋە چىرقىراشلىرى ئاڭلانماي قالدى. قىزنىڭ ئۆلۈۋاتقان بوتىلاقنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدەك سەبىي، مەسۇم كۆزلىرى چىدىغۇسىز ئاغرىقتىن چەكچىيىپ، چاناقلىرىغا تىقىلىپ قالدى، ئىنچىكە، نازۇك بارماقلىرى ئاستىدىكى يۇڭ ئەدىيالنى ئازاب بىلەن مىجىقلىدى...

قىز ئورنىدىن تۇرغاندا ئۇنىڭ بايىقى ئاۋازىمۇ، رۇخسارىدىكى تاڭ شەپىقىدەك جىلۋىدار نۇر - زىيامۇ ئۆچكەن ئىدى. ئۇ ۋالىي سۇنغان بىر تۇتام پۇلنىمۇ، ھەتتا چاقىرىق قەغىزىنىمۇ ئالمىدى، جىمجىت، ئۈن - زۇۋانسىز كېتىپ قالدى.

بىرچاغدا ئۇنىڭ كاتىپى بىرپارچە ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە ۋالىي كارىۋات ئۈستىدە لايدەك ئېزىلىپ، روھسىز بىر كەيپىياتتا سوزايلىنىپ ياتاتتى...

— ۋۇي - ۋۇي، يۈزلىرى ساپلا تىرناق يارىسىغۇ؟ — دېدى كاتىپ ھەيران بولۇپ.

— بايا ئۆيدە نەۋرەمنى ئوينىتاتقان... ئەبستا، قارىماسەن بۇ ئىشنى...

— ھى - ھى - ھى... ...

— نېمىگە كۈلىسەن؟

— ھى - ھى - مەن تېخى...

— كۆزلىرىدىن يوقال ھو، ئۆزىنى بىلمەيدىغان سالپى ئا- تۆمۈردەك كۆكىرىپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ۋالىي، — كىمگە چاقچاق قىلىۋاتقىنىڭنى ھازىرلا كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويىمەن، بۈگۈنلا كۆتىڭگە تېپىمەن...!

ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن. سىرتتا كەچكۈز شامىلى ھۇۋلاپ، كوچىلاردا سارغايغان غازاڭلار ئۇچۇپ يۈرگەن كۆڭۈلسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە كاتىپ ۋالىينىڭ ئىشخانىسىدا نېمە ئۈچۈندۇر ئۇزۇنغىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئولتۇرۇپلا كەتتىڭغۇ بىكار؟ بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟

— بار ئىدى، مۇھىم بىر ئىش...

— سۆزلە.

— سۆزلەي دېسەم تىلىم كۆيۈۋاتىدۇ.

— نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟ سۆزلە، تېز، تىلىڭنى چاينىماي.

— ھې... ھېلىقى بىر چاغدىكى قىزنىڭ ئىشى چاتاق بوپتۇ ۋالىي.

ۋالىي چۆچۈپ كەتتى.

— ھېلىقى قىزنىڭ...؟ ھە... ئېسىمگە كەلدى، تېخىچە داشۆگە ماڭالماپتىمۇ؟

— داشۆگە ماڭالمىسىغۇ بىر گەپ... بويىدا قاپتۇ.

— چاقچاق قىلما!- يەنە تۆمۈردەك كۆكەردى ۋالىي،— نەدىكى بولمىغۇر چاقچاقنى قىلىپ كۆتىڭگە تېپىك يېگۈڭ كەلدىمۇ؟

— تېپىك يېسەم كىچىك ئىش... ئەمما سىلىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. سىلى دېگەن ۋالىي، بۇ ئىش تۈپەيلىدىنناملىرىغا داغ تەگسە بولمايدۇ- دە، بۇنىڭغا دەرھال چارە قىلمىساق بولمايدۇ.

ۋالىي لاسسىدە بوشىشىپ مۇشتۇمىنى چېكىسىگە تىرىگىنىچە ئۇزۇنغىچە پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقىدىن ھازىرلا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغاندەك جوزىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— خەپ... ھاراق دېگەن شۇ لەنىتى مەرەزنىڭ زىيىنىغۇ بۇ. ئېيتقىنا، نېمە چارە قىلساق بولار؟

— مېنىڭچە، ھامىلىنى دەرھال دوختۇرخانىدا ئالدۇرۇۋەتسەكمىكىن...

— توغرا... توغرا... ئايالىڭ دوختۇرغۇ سېنىڭ.

— بۇنىڭ چارىسىنىغۇ ئايالىم قىلار، لېكىن ئۇ قىزنىڭ ئاغزىنى ئەتمەي بولمايدۇ-دە. كىم بىلىدۇ، ئاچچىق ئەسىرىدە بىرسىگە تىنىپ سالسا...

— ئەستا... تاماكاڭ بارمۇ؟ ئاله بىر تال.

كاتىپ ۋالىيغا بىر تال تاماكا سۇنۇپ، چاقماق يېقىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ بېرىدۇۋېتىپ، يېنىغا يېقىن سىلجىپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، مۇنداق قىلساقمىكىن... خىزمەت كۆرسەتكۈچىدىن بىرنى تەستىقلاپ بەرسىلە. ئۇ قىزنى شاققىدە خىزمەتكە ئېتىرۇۋېلىشتۇرساق... شۇ باھانىدا ناھىيىنىڭ يىراق-چەت بىر يېرىگە قوغلىۋەتسەك...

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى ۋالىي يەلكىسىدىن ئېغىر تاش غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىك تىنىپ، — ئەمسە سەن ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل بول، مېنى خاتىرجەم قىل.

— سىلىنى خاتىرجەم قىلىشىمىدىغۇ گەپ يوق، — دېدى كاتىپ مۇغەمبەرلىك بىلەن، — سىلىنىڭ شاپائەتلىرىدە مەنمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالسام بولاتتى-دە. خەۋەرلىرىدە بار، مېنىڭ ۋالىي مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقىنىمغا 20 يىل بولدى. ھېلىغىچە تەلىيى كەلمىگەن سوكال كاتىپمەن.

— بۇنى بىلىمەن، نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن؟ سېنى بىر مەزگىل چېنىقسۇن، سىناقتىن ئۆتسۇن دېدىم. ئەمدى راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ بىرەر باشقارمىغا ياكى ناھىيىگە باشلىق بولىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى.

ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىلدى. ھامىلە — ھاياتلىق نۇرىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغان ئۇ بەختسىز جان ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن جىمجىتلا ئەبەدىي يوق قىلىۋېتىلدى. ئازاب ۋە ھەسرەتنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئۇ قىز ياشلىق گۈلىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىدىن دەريا-دەريا ياش تۆكسىمۇ ناھىيىنىڭ ئەڭ يىراق يېزىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ۋالىي دۆت، بولۇمسىزلىقى ۋە ئۇششاق سۆزلۈكى ئۈچۈن خېلى بۇرۇنلا كۆزىدىن يوقىتىشنى پىلانلاپ يۈرگەن كاتىپقا ئۇ ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن چەكسىز بىر خۇشاللىق ۋە ئامەت ئاتا قىلدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتمەيلا كاتىپ ۋىلايەتتىكى باشقارمىلارنىڭ بىرىگە مۇئاۋىن باشلىقلىققا تەيىنلەندى.

ھەممە ئىش جىمجىت، ئۈن-تىۋىشسىزلا بېسىقىپ كەتتى. ئەمما ۋالىينىڭ كۆڭلى تىنجىمىدى. ۋالىي ئۇ پىشكەللىكنىڭ ئۆزىگە كېلىدىغان خەۋپ-خەتىرىدىن قۇتۇلغىنىنى بىلەن، يەنە بىر ئازاب — ئەشۇ قىزنىڭ ھىجران ئازابى كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق سەمىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئۆي ئىچىدە ئارانلا ماڭىدىغان، تالا-تۈزگە كەمدىن كەم چىقىدىغان ئايالى كۆزىگە ئالۋاستىدەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ۋالىينىڭ خوتۇنىغا ئەمدى قارار كۆزى يوق... ئەزبىرايى 1000 خوتۇنىنىڭ يوتقان ئىچىدە گۈمبەزدەك كۆپۈپ يېتىشلىرى، ياستۇققا بېشىنى قويار-قويمايلا ئۆينى بېشىغا كىيىپ خارقىراپ خورەك تارتىشلىرى تولىمۇ يىرگىنىشلىك ھەم قورقۇنچلۇق...

ۋالىي ئاشۇنداق چاغلاردا، ھېلىقى قىزنىڭ تارتىنىش ۋە ئۇيياتچانلىق بىلەن تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇشلىرىنى، مۇڭ ۋە سەبىيلىك بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئاھۇ كۆزلىرىنى، تاغ لالىسىدەك چىرايلىق گۈلگۈن چىرايىنى، قۇچىقىدا كېيىك بالىسىدەك يۇلقۇنۇپ، تىپىرلاپ كەتكەنلىرىنى، ۋارقىراپ، نىدا قىلىپ يۈزىنى مورلىغانلىرىنى، چاچلىرىنى

يۇلغانلىرىنى سىغىنىپ-سىغىنىپ ئەسكە ئالاتتى. ئۇ شۇ مىنۇتلارنى ھەر ئەسلىگەندە پۈتۈن ۋۇجۇدى شۇ قېتىمقى چەكسىز راھەت ۋە ھوزۇردىن لەرزىگە كېلىپ، يۈرىكى خۇددى كۆيۈۋاتقان شامدەك ئېرىپ كېتەتتى... ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتتى، ئەمما ۋالىي ئاشۇ قىزنى ئۇنتۇمىدى. ئىپچىرقاش ۋە تەشنالىقتىن خۇددى سۇسىز چۆلدەك قاغجىراپ كېتىۋاتقان روھىنى ئاشۇ قىزنى خىيال قىلىش، ئەسلەش بىلەن قۇۋاندۇرۇپ كەلگەن ۋالىي شۇ چاغدىكى لەززەت ۋە ھوزۇرنى بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە زەيتۇنەنىڭ ۋۇجۇدىدىن، ئاشۇ قىزدىن قېلىشقۇسىز دەرىجىدىكى گۈزەل رۇخسارىدىن ھېس قىلماقتا. ھېس قىلغانسېرى ئەرلىك سېزىملىرى باشقىدىن ئويغىنىپ، ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل ئىپچىرقاش ۋە تەشنالىق ئۇنىڭ روھىيىتىدە زەنجىرلەنگەن غالجىر ئىتتەك ئەسەبىيلەشمەكتە، قۇترىماقتا... «ھەي ئىست، مۇشۇنداق گۈزەل چىراي، مەجنۇنتالدەك زىلۋا بوي، ئوتلۇق ۋۇجۇدنىڭ ھوزۇر - راھىتى كىمگە، قايسى تەلەيى ئوڭ كېلىپ قالغان ئەبلەخقە تالىق بولۇپ كېتەر...؟»

- توي قىلمىغانسىز؟ - زەيتۇنەنى پىرقىرىتىپ كېتىۋېتىپ قولىقىغا ئاستا شىۋىرلىدى ۋالىي.

- توي قىلغان، بىر قىزىممۇ بار.

ۋالىي بوغۇزىغا پىچاق ئۇرۇلغان كالىدەك ئازابلىق تولغىنىپ كەتتى.

- يالغان سۆزلىمەڭ.

- راست.

- يولدىشىڭىز نەدە ئىشلەيدۇ؟

- تاشيول ئاسراش ئۇچاستىكىسىدا.

ۋالىينىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ۋۇجۇدى «شۇر» قىلىپ مۇزلاپ، نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ دەلدەڭشىپ قالدى. «كىرپاتتاك شېغىلچى! - ۋالىي ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ ئۆزىگە ناتونۇش ئۇ تاشيول ئىشچىسىنى، زەيتۇنەنى ئىچىدە قاغاپ تىللىدى، - ئاھ، زەيتۇنە، ئۆزۈڭ پەرىشتىدەك گۈزەل ئىكەنسەنۇ، ئەمما، ئەقىلسىز ئىكەنسەن. سەن ۋۇجۇدۇڭدىكى تەڭداشسىز شېرىن ھوزۇر - راھەتنى ئاشۇ ئەرزىمەس تەلۋىگە بېغىشلاۋاتقان ۋاقتىڭدا ئازابلانمىدىڭمۇ؟ ئۆزۈڭنى بەختسىز ھېس قىلمىدىڭمۇ؟...»

ۋالىينىڭ سېزىملىرى تومانلىشىپ، كۆز ئالدى خىرەلىشىپ كەتتى. ئۇ زەيتۇنەنى گويا ئاشۇ «كىر پاتتاك» نىڭ كېلىپ تارتىۋېلىشىدىن قورققاندەك بېلىنى تېخىمۇ چىڭ قورۇپ مەيدىسىگە تارتتى...

- نېمە قىلىۋاتىلا؟ - ۋالىينىڭ كۆزىگە نەشتەردەك تىكىلدى زەيتۇنە ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ.

- چاندۇرماڭ... مەن... مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم... جېنىم...

- سەتلەشمىسىلە، ھە. ۋالىي دەپ ھۆرمەت قىلسام...

- مېنى قىيىنىماڭ... ۋالىي بولساممۇ ئادەممەن... سەنئەت شۆيۈەنىگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇشنى خالامسىز؟ ياكى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەپ كېتەيمۇ؟ - ۋالىي زەيتۇنەنىڭ قۇلىقىغا شۇنداق دەپ پىچىرلاۋېتىپ گۆشلۈك مەڭزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا، چاچلىرىغا چاپلا - پۇلا سۈركىۋالدى.

- نومۇسسىز ھايۋان! - زەيتۇنە ۋالىينى مەيدىسىدىن غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، ۋالىي سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇئان چەتتە تۇرغان كىمدۇر بىرسىنىڭ:

- ۋاي... ۋالىينى يۆلەڭلار! - دەپ توۋلىغان ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

4

قاسىمجان زەيتۇنەنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغان ھاكىمنىڭ مەيدىسىدىن زەرب بىلەن ئىتتىرىپ يۈزىگە بىر مۇشت سالدى:

- ھۇ، سولامچى ھەزىلەك! - دېدى ئۇ

غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، ـ ۋالىيغا ھېلىقى جالاپ خوتۇنۇڭ يارىماي قالدىمۇ؟ شۇنى چىقىرىپ بەرمەمسەن! ئېيتە، سېنىڭ نەرىڭ ھاكىم؟ ھۇ، ئەركەك تۈكى يوق نومۇسسىز ئەبلەخ.

ئەتراپتىكى ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى، يەنە ئاللىكىملەر قاسىمجانغا بۆرىدەك تاشلىنىشتى، قولىنى كەينىگە قايرىپ شاراق ـ شىتىپ كويزا سېلىشتى.

ـ ئۇدۇل تۈرمىگە ... تۈرمىگە ئاپىرىڭلار! ـ كەسكىن بۇيرۇق قىلدى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى قولىنى شىلتىپ.

ـ ئاپار ... ! ئاپار ... ! قورقۇپ قالاتتىممۇ مەن سەن سولامچىلاردىن. تۇفى! تۇفى! سەنلەرگە ... !

ـ ئاغزىنى ئېتىڭلار!

ـ توختاڭلار، ـ ھاكىم يۈزىدىن ئېقىۋاتقان قاننى قولياغلىق بىلەن سۈرتۈ ـ ۋېتىپ ئامانلىق قوغداش خادىملىرىغا بۇيرۇق قىلدى، ـ قويۇۋېتىڭلار، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ماشىنىدا ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار.

ـ ھاكىم ... بۇ ... بۇ ...

ـ مەن ھاكىم! مېنىڭ كېيىم ھېساب!

ئەتراپتىكىلەر ھاكىمنىڭ بۇ ئىشىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

ـ جۇر زەيتۇنە! ـ دېدى قاسىمجان يەردە ياتقان ۋەلىسىپىتىنى يۆلەۋېتىپ. كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈكۈردى.

ـ ۋۇي ـ ۋۇي قاسىمجان، مانا ماشىنا تەييار.

ـ ماشىناڭغا ئۆزۈڭ چىقىۋال! ـ دېدى قاسىمجان كەينىگە قاراپمۇ قويماي، ـ ئىپلاسلىشىپ كەتكەن ماشىناڭدىن مۇشۇ ۋەلىسىپىتىم مىڭ ياخشى!

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ۋەلىسىپىتكە مىنىپ تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە غايىب بولدى.

يۇلتۇزسىز ئاسمان، قاپقاراڭغۇ كېچە ... باغ ئىچىدىن ھېلىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشلەر ... تۇۋلاشلار ... چىرقىراشلار ... ھەم ئېلېكتروند ـ لۇق پىئانىنونىڭ نالە قىلىۋاتقاندەك تىترەڭگۈ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ...

قاسىمجان ئەتىسى سەھەر ئويغىنىپ پاكىز كىيىملىرىنى كىيدى. قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇپ، تاتلىقىقىنا ئۇخلاۋاتقان قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ـ دە، ئاندىن زەيتۇنەنىڭ تېخى ئاخشامقى كۆڭۈلسىزلىك ـ نىڭ ھەسرەت ۋە خورلۇق ئىزناسى كەتمىگەن چىرايىغا مېھىر بىلەن تىكىلىپ قاراپ:

ـ ئەمدى سەنئەت ئۆمىكى دېگەن يەرگە ئىككىنچى قەدەم باسما ... ئۇقتۇڭمۇ؟ ـ دېدى.

ـ ۋىيەي ...، ـ دېدى زەيتۇنە يۈرىكى ئېغىپ، ـ ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ مېنى كېيىن شتاتتىن ئۈچۈرۈۋەتسە ...

ـ ئۇنىڭدىن غەم قىلما، ئىككى بېلىكىڭلا بولسا، ساڭا ھامان ئىش تېپىلىدۇ.

ـ سىز بەك ئوبدان ـ ھە، قاسىمجان.

ـ سەنمۇ شۇنداق ... ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ زەيتۇنە.

ـ سىزگىمۇ ...

ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدە تەڭ ياش لىغىلدىدى.

قاسىمجان ئادەتتە ئىشقا بارىدىغان ۋاقىتتىكىدەك ۋەلىسىپىتىنىمۇ مىنمىدى. پىيادە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە كېلىپ، ئۇدۇل جۇجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

ـ كېلىڭ،كېلىڭقاسىمجان، ـ دېدى جۇجاڭ ئۇنىڭغا ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، ـ قېنى، ئولتۇرۇڭ.

— مەن ئۆرە تۇراي جوجاڭ.

— نېمىشقا؟ ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ.

— مەن ئالدىلىرىغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى كېلىۋىدىم.

— نېمە ئىش قىلىۋېدىڭىز؟ بىلمەيمەن، سىز تاشيول ئاسراش ئىشچىسىغۇ.

— بىراق مەن ھازىر ئىشچى ئەمەس، جىنايەتچىمەن.

— چاقچاق قىلماڭا!

— راست دەۋاتىمەن.

— نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدىڭىز؟ — جوجاڭنىڭ چىرايى ئەمدى بىردىنلا جىددىي تۇس ئالدى.

— ئاخشام ھاكىمنى ئۇرۇپ سالدىم.

— نەرىگە ئۇردىڭىز؟

— يۈزىگە بىر مۇشت سالدىم.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— بۇنى ھاكىمنىڭ ئۆزىدىن سورىسىڭىز.

جوجاڭنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆچتى. ئۇ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كارىدورغا چىقىپ ئىككى ساقچىغا قاسىمجاننى دەرھال نازارەت ئاستىغا ئېلىشنى تاپىلىدى - دە، ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا چاپتى. ھاكىمنىڭ ئوڭ يۈزىگە داكا قويۇلۇپ، ئۈستىگە پىلاستىر چاپلانغان. ئۇ ئىشخانىسىدا ئۆزى يالغۇز قېلىپ بىر ماتېرىيالنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن.

— ھازىر بىرسى قېشىمغا ئاخشام ھاكىمنى ئۇردۇم دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كەپتۇ، — دېدى جوجاڭ، — بۇ، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان غەلىتە بىر گەپقۇ ھاكىم؟

— كىم ئىكەن ئۇ؟

— مەن ئۇنى تونۇيمەن، ئىسمى قاسىمجان، تاشيول ئاسراش ئىشچىسى.

— ھا — ھا — ھا. ئۇ مېنى ئۇرۇپتىمۇ؟ — ھاكىم قىزىقسىنىپ قاقاقلاپ كۈلدى.

— ئۆزى شۇنداق دەيدۇ.

— شۇنداق دېگەن بولسا، ئۇ ھېلىمۇ مەستلىكتىن يېشىلمەپتۇ. ماڭا مۇشت كۆتۈردىغانغا ھەددىمىكەن ئۇنىڭ؟ راست، ئاخشام مەن ئۇنى مەست ھالەتتە كۆرگەن. نەدە قالدى ئۇ؟

— ئىدارىدە، مېنىڭ ئىشخانامدا.

— مەستنىڭ كېپىگە ئىشەنمەڭ. مۇنداق چاقچاقىڭىزنى خوتۇنىڭىزغا بېرىپ قىل، دەڭ.

— بىراق... يۈزلىرى...، — دېدى جوجاڭ بۇ گەپلەرنىڭ قايسىسىغا ئىشىنىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ.

— ھەي...، — ھاكىم ئوڭايسىزلىنىپ كۈلدى، — ئاخشام گۈلباغدا ۋالىينى كۈتۈۋالغان دەڭا. بىر چاغدا تەرەتتىم قىستاپ قېلىپ ئارقىغا چىقىۋېدىم. قاراڭغۇدا تال ئۈزۈمنىڭ بىر تال قۇرۇق شېخى يۈزۈمگە ۋاسلا قىلىپ سانجىلماسمۇ...

جوجاڭ ئىدارىگە يېنىپ كەلگەندە، ئۇنى گۈلباغ يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى، يېزا باشلىقى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانا مۇدىرى، يەنە ئاللىكىملەر دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىكەن.

— ئاخشام ناھايىتى ئېغىر ۋەقە يۈز بەردى جوجاڭ، — دېيىشتى ئۇلار تۆشمۇ تۆشتىن قايناشىپ، — بىر لۈكچەك ھاكىمنى ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇردى، باش - كۆزىنى قانغا بوياۋەتتى. بۇ، غەرەزلىك قىلىنغان سىياسىي زىيانكەشلىك، ئەكسىلئىنقىلابىي قاتىللىق جىنايىتى. شۇڭا، ئۇ ئابلەخنى دەرھال قولغا ئېلىش كېرەك! قاتتىق جازالاش كېرەك!

مۇنداق ئىش ئىكەن - دە! لۈكچەكلەر كېچىلىرى يول توسۇپ ئادەم بۇلاشتىن، بىگۇناھ كىشىلەرگە پىچاق سېلىشتىن ئېشىپ

ھاكىمنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ نوخۇلىسى قانچىلىك ئۆسۈپ كەتكەن - ھە؟ بىراق، ھاكىمنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۇ لۈكچەكنى ئاقلاپ چىققىنىنى، يالغان سۆزلىگىنىنى نېمىسى؟ ياق! مەيلى ھاكىم نېمىلا دېمىسۇن ئۇ لۈكچەكنى تېگىشلىك قانۇنىي جازاغا تارتىش كېرەك!

يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى، يېزا باشلىقى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانا مۇدىرى ... يەنە ئاللىكىملەر قاسىمجاننىڭ ھاكىمنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغانلىق ۋەقەسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى توغرىسىدا ئىسپاتنامە يېزىشتى. قاسىمجاننىڭ ماتېرىيالى بىردەمدىلا تەييار بولدى. جوجاڭ قاسىمجاننى دەرھال قاماش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇ كۈنى كەچتە ھاكىمنىڭ تېلېفوندا جوجاڭغا قايناپ تۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

- جوجاڭ، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز - ھە؟ نېمىشقا قامايسىز ئۇنى!

- سەۋەبى، ئۇ لۈكچەكلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن.

- ماڭا قاراڭ، ئۇ ناھايىتى بىر مۇشتلا سالغان. چاقچاقنىڭ ئورنىدىكىلا بىر ئىش، قاملىغىدەك ئىش يوق.

- ياق، ئۇ شۇ كۈنى سىلىنىلا ئەمەس، ئىككى نەپەر قوغداش خادىمىنى ئۇرۇپ يىقىتقان، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قېرى دەرۋازىۋەننىڭ بېشىنى دەرۋازىغا ئۇستۇرۇپ يارىلاندۇرغان.

- ئەمدى بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچىسىز؟

- سوراق قىلىۋاتىمىز. دېلوسىنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلىشىگە سۇنماقچىمىز.

- ئىشنى كېڭەيتمەڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى قويۇۋېتىڭ.

- ھاكىم، بۇ مۇمكىن بولماسمىكىن ...

- نېمىشقا مۇمكىن بولمايدىكەن؟ — ھاكىم غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، - بۇ ناھىيىگە مەن ھاكىم، مېنىڭ ھېساب. ھەر قانداق چاتاق چىقسا ئاقىۋىتىگە مانا مەن جاۋابكار. قويۇۋېتىڭ دېگەندىكەن قويۇۋېتىڭ!

- شۇنداق ... سىلى ھاكىم ... قانۇننى ئىجرا قىلىشنى سىلى ماڭا تاپشۇرغان. شۇڭا مېنىڭ قانۇن بىلەن ئوينىشىشقا ھەققىم يوق. ئەڭ ياخشىسى، سىلى ماڭا بېسىم قىلمىسىلا ئىكەن.

ھاكىم تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇۋەتتى.

«ياق ... ئۇ جىنايەتچى ئەمەس، ئەسلى جىنايەتچى مەن ... مەن ...، - ھاكىم بېشىنى سوغۇق تامغا تىرەپ ئۆلۈكتەك قېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، - مېنى كەچۈر قاسىمجان، جېنىم قېرىندىشىم! ساڭا ئۇۋال قىلدىم. مەن بۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى تۇرۇپ، ناھىيىدە پىچىقىمنىڭ ئالدىمۇ، كەينىمۇ كېسىدىغان تۇرۇپ سېنى گۇندىخانىدىن نېمىشقا قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمىدىم؟ سەۋەبى، قول ئاستىمدىكىلەر ئالدىدا كۈچلۈك بولغىنىم بىلەن قانۇن ئالدىدا ئاجىز كەلدىم ... شۇنداق ... مەن نورغۇن ئىشلاردا ئاجىز كەلدىم ... ئۈچيۈز نەچچە مىڭ نوپۇسلۇق بۇ ناھىيىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇرنۇمدىن قان كەتكىچە ئىشلىگىنىم بىلەن نورغۇن ئىشلارنى قىلىشقا چامىم يەتمىدى، كۈچۈم ئۆتمىدى، قاتمۇ قات زىددىيەتلەر، تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن مەسىلىلەر ئىچىدە چىرمىلىپ قالدىم. ئاھ، مېنىڭ جاپاكەش خەلقىم! دەردمەن يۇرتۇم! ئۇنىڭ چەكسىز كەڭ مۇنبەت يايلاقلىرى، بىپايان ئورمانلىرى، تەبىئىي بايلىقلىرى ۋەيران قىلىندى، دەريا سۇلىرى

بوغۇۋېتىلدى ... پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر
يىغىنىدا بۇ توغرىلىق جوزىنى مۇشتلاپ
تۇرۇپ دەرد تۆكتۈم. ئەمما ئۇلارنىڭ
ئىزردسىدا مېنىڭ كېيىمگە قۇلاق سالىدىغان
ئادەم چىقمىدى، يالغۇز قالدىم. يېزىلارغا
بارسام ئىچىمدە قان - قان يىغلاپ يېنىپ
كېلىمەن. دوكلاتلار چىرايلىق، سۆزلەر
دەبدەبىلىك ... مەن شۇنداق دوكلات يازغان
خۇشامەتچى، ۋىجدانسىز ئەبلەخلەرنىڭ كۆزىنى
ئويۇپ، تىلىنى كېسىۋەتسەم دەيمەن. زادى
ھەقىقىي ئەھۋال قانداق؟ دېھقانلارنىڭ
ھالىغا قارىسام ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدۇ،
بوينىغا ئېسىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىغۇم
كېلىدۇ. نەگىلا بارسام توپا باسقان چىراي،
ئالۋان - سېلىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، يەر
پۇلىنىڭ، سۇ پۇلىنىڭ ئۆرلەپ كېتىۋاتقان -
لىقىدىن، سۇنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن تۆكۈلۈ -
ۋاتقان دەرد - شىكايەتلەر ... دېھقان بولسىمۇ
ئادەمغۇ ئۇلارا دۆلىتىمىز ئازاد بولغىنىغا
قىرىق نەچچە يىل بولغىنىغا قارى -
ماي ئۇلار ھېلىمۇ دەقيانۇسنىڭ دەۋرى -
دىكى جىن چىراغ ئاستىدا ياشىماقتا.
ئېلېكتر چىرىغى، زامانىۋى تۇرمۇش
شارائىتى دېگەنلەر ئۇلار ئۈچۈن يات. ھەر
قېتىم ئاشۇ يېزا - سەھرالارغا بارسام
چاچلىرى ئاقىرىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ
كەتكەن بوۋاي - مومايلار قولۇمغا ئېسىلىپ
دەرد - شىكايەت تۆكۈشىدۇ، ئارزۇ - تەلەپ -
لىرىنى ئېيتىشىدۇ. مەن شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ
ماڭا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن
كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، ئەيىبكارلارچە يەرگە
قارايمەن. خۇددى سوتچى ئالدىدىكى كەچۈر -
گۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىدەك
لاغىلداپ تىترەيمەن. نېمىشقا شۇنداق؟

سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئەرز - تەلەپلىرىنىڭ
بەزىلىرى بولسا، مېنىڭ ھوقۇق دائىرەمدىن
ئېشىپ كەتكەن ئىشلار. بەزىلىرىنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور مىقدار -
دىكى مالىيە كۈچىنى ئىشقا سېلىش كېرەك.
ئەمما ناھىيىمىز بولسا بۇرۇندىنلا نامرات،
كەمبەغەل ناھىيىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ناھىيىمىز ئۆدا ئىككى يىل قۇرغاق -
چىلىق ۋە مولدۇر ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا
ئۇچرىغان. شۇڭا، ياردەم تەلەپ قىلىپ
يۇقىرىغا ھال ئېيتتىم، يىلىندىم، قول
سوزۇشقا مەجبۇر بولدۇم. يۇقىرىدىن
رەھبەرلەر ... نازىر، شۇجى، ۋالىيلار كېلىپ
تۇردى. ئۇلار كەلگەن ھامان شۇنچىلىك
خۇشال بولۇپ كېتىمەنكى، نومۇس - خورلۇق
ھېس قىلسامۇ، ئازابلانسامۇ ئالدىدا ئىت
بولۇپ ئۆمىلىگىم، ئاياغلىرىغا سۆيگۈم
كېلىدۇ. ناھىيىنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات
قىلىشقا ئالدىرايمەن. دوكلات قىلىدىغان
ئىشلار بولسا سامانىدەك كۆپ ... قوشنا
ناھىيىلەر بىلەن بولغان يايلاق ماجىراسى،
سۇ ماجىراسى، تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش،
ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ... دېھقان -
لارنىڭ ئۈستىدىكى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ
بېرىۋاتقان ھەر خىل سېلىق ... تاشيول،
ئېرىق - ئۆستەڭ، قۇرۇلۇش مەسىلىسى ...
مەبلەغنىڭ يېتىشمەسلىكى ... رەھبەرلەر
ئۆزلىرىگە تېگىشلىك دوكلاتنى چالا -
پۇلا ئاڭلىشىدۇ. ئويلىشىپ كۆرەيلى دەيدۇ.
ئەمما ئەتىسى ھېچبىر جاۋابسىزلا ھازىرلا
يولغا چىقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ.
گەپلىرى بولسا ناھايىتى چىرايلىق: ...
ئالدىراپ قالدۇق، قايتىشىمىزدا چوقۇم بىر
نەچچە كۈن تۇرىمىز ... بۇ مەسىلىلەرنى

شۇ چاغدا ھەل قىلىمىز ...

كېيىن بىر ھەملە ئويلاپ تاپتىم. ئۇلارنى يېلىنىش، ھال ئېيتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى زىياپەت، ھاراق ۋە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ چىرايلىق قىزلىرى بىلەنلا بۇ ناھىيىدە تۇتۇپ تۇرالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بۇ چارىنىڭ شۇنچە تېز ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى مەن ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئۇلارنىڭ قايسىبىرلىرى يۈرەك سانجىقى، قايسىبىرلىرى يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى، قايسىبىرلىرى دىئابىت كېسىلى ئىكەنلىكلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ئۆلگىچە يېيىشەتتى، ئىچىشەتتى، ئويىنىشاتتى - دە، مېھمانخانىدا ئەتىسى چۈشكىچە قوپالماي يېتىشاتتى. ئەمدى ئۇلار مەندىن چەكسىز رازى ئىدى، دوكلاتىم يېزىلغان ماتېرىيالنى سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇيتتى، ئۇنىڭغا مەردلىك بىلەن تەستىق سالاتتى. ئۆزلىرىنىڭ لايىدەك ئېزىلىپ كەتكەنلىكلىرىگە قارىماي يەنە كەچكى زىياپەتكە، تانسىغا ئالدىرايتتى ... سەن ھەقلىق قاسىمجان! ئاشۇ قىلغانلىرىم، ئاشۇ ۋىجدانسىزلىقلىرىم ئۈچۈن بىرنى ئەمەس ئون مۇشت ئۇرساڭمۇ ھەقلىقسەن. سەن مېنى سولامچى دېدىڭ، نېمە دەي؟ شۇنداققۇ! مېنىڭ بۇ قىلغانلىرىمنىڭ سولامچىلىقتىن نېمە پەرقى؟ تۈنۈگۈن ئاخشام ۋالىي دېگەن بۇ سۆيدۈكى بۇزۇق قېرى ئەبلەخنىڭ زەيتۇنەگە قانداق ھاياسىزلىق قىلغانلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئولتۇردۇم. غەزەپتىن چىشلىرىم غۇچۇرلىدى. قېنىم قىزىپ ۋاراقشىپ قايناپ كەتتى. ئەمما ھاكىم بولغانلىقىم ئۈچۈنلا سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، چىداپ ئولتۇردۇم ... دەردىم كۆپ قاسىمجان، ئەمما ئىچىمدىكىنى ھېچكىمگە ئېيتالمايمەن ... ئىچىمدە يىغلايمەن ...»

تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى، ھاكىمنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى.

- قانداق ئەھۋالىڭىز، مېھمانخانىغا كەپمۇ قويمىدىڭىز، ئالدىراش ئوخشىمامسىز؟ - مانا بۇ ۋالىينىڭ ئۆزىگە تونۇش خىرىلداق، بوغۇق ئاۋازى.

- بارغۇمغۇ بار ئىدى، بىراق ئۆزلىرىنى ياخشىراق ئارام ئېلىۋالسۇن دېدىم.

- سۇنغان دوكلاتىڭىزنى ھازىرلا ئوقۇپ تۈگەتتىم. چۈچۈك بۇيىنى قالايمىقان كولىسا، ئورمانلارنى خالىغانچە كەسسە، ئۇ كۆسپۇرۇشلارغا كىم بېرىپتىكەن بۇ ھوقۇقنى؟ ئىتتىپاقلىققا تەسىر يېتىدىكەن دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ - دە، زىيانىنىڭ ھەممىسىنى تۆلىتىش كېرەك. مۇنداق قىلايلى، مېنى ئەتە بوستان تۇغراققا باشلاپ بېرىڭ. بۇزغۇنچىلىقنىڭ دائىرىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، مەسىلىنى نەق مەيداندىلا ئۆزۈم ھەل قىلاي ...

- شۇنداق قىلسىلىغۇ تاغدەك چوڭ ئىش بولاتتى ۋالىي.

- ھى - ھى - ھى ... تۈنۈگۈن ئاخشام جىڭقىراق ئىچىپ ساپتىمىز، ئۇ يەردە زادى ئىچمەيلى جۇمۇ.

- سىلى نېمە دېسىلە شۇ.

- پەقەت ھېلىقى باللانى ئېلىۋالسىڭىزلا بولار.

- ئارتىسلارنىمۇ؟

- ھى - ھى - ھى، ھەئە.

- ئەستا ... ئۇلارنى ئاپارغىلى بولماسمىكىن.

- نېمىشقا؟ ...

- ئەتە كەچتە ئۇلارنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارغا ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ.

- شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ، ئەممە ...

ھاكىم ئەتىسى سەھەردە ئىشخانا مۇدىرىغا ۋالىيىنى بوستان توغراقتا باشلاپ يۈرۈشنى تاپىلاپ، ۋالىيىنى كۈتۈۋېلىش خىزمەتلىرىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن پىكاپىتا ئالدىدا يولغا چىقىپ كەتتى.

مانا... يارىشىملىق، سالتەنەتلىك ناممغا يارىشا بىرەر تۈپ توغرىقىمۇ قالمىغان بوستان توغراق... ئۇنىڭ ئورنىدا ئەمدى پايانسىز شورلۇق دالا ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. بىر چاغلاردىكى قۇچاق يەتكۈسىز، ئاسمانغا پەلەك بوي تارتقان قەدىمكى توغراقلارنىڭ پالتا بىلەن چانالغان، ھەر يەردە ئەگەن پاكار كۆتەكلىرىلا قالغان، دېگىنىز سۆيمەدەك دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان ياپيېشىل چۆچۈك بۈيىلىق تىلغانغان، ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىلگەن...

ھاكىم ئەتراپىغا يىغىلغان بوستان توغراقلىقلار بىلەن بىللە ۋالىيىنى كۈتۈپ ناھىيە تەرەپكە ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇردى. چۈشكە يېقىن يىراقتىن ماشىرەك جىپ ماشىنا قويۇق توپا توزۇتۇپ، ئاپئاق چاڭ-توزانغا مىلەنگەن ھالدا ھاكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى...

- قېنى ۋالىي؟ - سەۋرسىزلىك بىلەن سورىدى ئۇ ئىشخانا مۇدىرىدىن.

- ۋىلايەتتىن تېلېفون كەپتۇكەنمىش، ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

ھاكىم ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك بىر پەس داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن، يىراق - يىراقلارغا قارىغان بولۇپ تۇرۇۋالدى:

- ئاھ، شورلۇق دالا...!

5

- دادا... دادا... چاپسان چىق، زەيتۇنەنىڭ ئۇسسۇلى! - ۋارقىرىدى مېھمانخانىدا ئۆيدە ئاپىسى بىلەن بىللە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ئارزۇگۈل دادىسىنى چاقىرىپ. ھاكىم كىچىك ئۆيدىن كۆكلەكچانلا ئالدىراپ چىقتى. زەيتۇنە رەڭمۇ رەڭ چىراغلار ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرغان كەڭرى سەھنىدە بۇ يۇرتنىڭ قەدىمكى كلاسسىك ئۇسسۇلى «تەكلىماكاندىكى پەرىزات»نى ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ داپ ئاۋازىغا ماس ھالدا يېنىك تەۋرىنىۋاتقان ئەۋرىشىم بەللىرى، بىلەكلىرى خۇددى ياز سەلكىنىدەك يۇمشاق، ناخشىدەك يېقىملىق، ئوچۇق ئاسماننىڭ ئاق بۇلۇتىدەك لەرزان ۋە لېۋەن ئىدى. ئۇنىڭ گۈل بەرگىدەك نازىغىپ بېقىشلىرىدىن كۆڭۈلنى لال قىلغۇچى شېرىن سۆخەنلىك، ۋۇجۇدىدىن ئۇسسۇل گۈزەللىكى ئەمەس، دەستە - دەستە گۈل تۆكۈلەتتى...

- ۋىيەي... مەن مۇشۇ ئۇسسۇلنى كۆرسەم ئۆزۈمنى يوقىتىپلا قويىمەن، - دېدى ئارزۇگۈل ھاياجاندىن كۆزلىرىنى خۇمارلاش - تۇرۇپ، - سەنئەت ئۆمىكىگە ئالمىشىپ كەلگۈملا كېلىدىغۇ تاڭ...

- دېگەن كېيىننى... ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلالايتتىڭىز؟

- ئۇسسۇلچى بولاتتىم - دە. زەيتۇنەنى ئۇستاز تۇتاتتىم.

- ھە، راست، زەيتۇنەنى ھازىر ئۆمەكتىن ئالمىشىپ كېتىپتۇ دېيىشىدىغۇ، - دېدى ھاكىمنىڭ ئايالى.

- نەگە ئالمىشىپ كېتىپتۇ؟

- تاشيول ئۆچاستىكىسىغا دەمدۇ...

- بۇ راستمۇ دادا؟

- راست.

- ۋىيەي... بۇ سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار دادا؟

ھاكىم ئۈندىمىدى.

- ھالىڭىز شۇنچىلىكقۇ، ھاكىم مەن دەپ چاھانغا پاتمايسىز، ئەمما تاش بىلەن

كۆھەرنى پەرقلەندۈرەلمەيمىز، سىزگىچۇ
زادى بۇغداي بىلەن قوناق يولىدىلا بولىدۇ؟
— كاپىلىدىنىماگىتا! — ھاكىمنىڭ قىز
زىنى زەردە بىلەن سىلكىدى، — ئاش
بولمىسا نېمىنى يەيسىز؟ شايىدىكى تاشنى
يەمسىز؟

— قورساق تويسىلا ھېسابمۇ؟ دۇرۇس، ئادەم
دېگەنگە ئاش — نان كېرەك، ئەمما سەنئەتمۇ
خۇددى ئاش-نانغا ئوخشاشلا كېرەك. تاشيول
ئۇچاستىكىسىغا زەيتۇنەدىن باشقا ئادەم يوقمۇ؟
مۇشۇ كۈندە ھەر-ھەر بالىلار ئىش تاپالماي
قاڭغىپ قاقشاپ يۈرۈۋاتسا...

ھاكىم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى، بىر ئىغىز
ئۈندىمىدى. ئاستا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ
كەتتى.

ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆمۈر بويى ھېچكىمگە
ئېيتالمايدىغان بىرەر ۋىجدان ئازابى ھەم يوشۇ-
رۇن دەرد-ھەسرىتى بولىدۇ. مۇنداق ھەسرەت
گويا ئىنسان بەدىنىدىكى ئەبەدىي ساقايماس
جاراھەتتەك، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىنسانغا سالىدىغان
ئازابى ھەر قانداق ئازابتىن ئېغىر. ھاكىم
مانا شۇنداق دەردكە قالدى. كۈنلەر، ئايلار
ئۆتتى، ئەمما ئۇ ئاشۇ يوشۇرۇن يۈرەك ئاغرى-
قىدىن قۇتۇلالمىدى. بولۇپمۇ ئۇ ھەر قېتىم
ۋىلايەتتىكى مەجلىسكە بېرىش ياكى ئۇ-بۇ خىز-
مەتلەر تۈپەيلىدىن پىكاپقا ئولتۇرۇپ
ناھىيە سىرتىدىكى بۇ ئۇزۇن، گىياھسىز، تاقىر
چۆللۈكتە كېتىۋاتقان چاغلىرىدا ئۇنىڭ يۈرەك
يارىسى تېخىمۇ قوزغىلىپ، ئاغرىق ئازابىدىن
ئىڭراپ، تولغىنىپ، ئىككى-مۈك بولۇپ تۈگۈ-
لۈپ قالاتتى. جىنايەتتىن كېيىنكى قاچقۇن
ئوغرىدەك ماشىنىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلاتتى،
جازا مەيدانىدىكى جىنايەتچىدەك بېشى پەسكە
ساڭگىلاپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇ زەيتۇنەنىڭ بۇ
قاقاس چۆللۈكتە ئېرى قاسىمجان بىلەن بىللە
ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەجەب بولدى!
يۇرت ئاسمىنىدىن ئاجايىپ نۇرلۇق، يېگانە بىر
يۇلتۇز غايىب بولدى. زەيتۇنەنىڭ — ئاشۇ تالانت-
لىق سەنئەتپەرۋەستىنىڭ بىردىنلا سەھنىنى،
پەرۋانىدەك جان تەسەددۇق قىلغان، سۆيگەن
كەسپىنى تەرك ئېتىپ، قاسىمجان بىلەن بىللە
مۇشۇ ئادەمسىز قاقاس چۆلدە تاشيول ئاسراش
ئىشچىسى بولۇشنى راۋا كۆرۈشى قانداق ئېچى-
نارلىق؟!... بۇ، زەيتۇنەنىڭ سەۋەنلىكىمۇ؟ ياكى
بىزگە قېيداپ قىلىۋاتقان نادانلىقىمۇ؟ ياق، بۇ،
مېنىڭ سەۋەنلىكىم، مېنىڭ بىلمەسلىك-نادانلىقى-
مىنىڭ ناھىيىمىزدىكى بىلىم ۋە ئىختىساس ئىگى-
لىرىگە ئېلىپ كەلگەن ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى، —
ھاكىم ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ سۇنايلىنىپ
يېتىپ ئەنە شۇنداق ئويلىدى، — يۇرتىمىزنىڭ
نامىنى شىنجاڭغا، مەملىكەت ئىچىگىلا ئەمەس،
پۈتۈن دۇنياغا بىزنىڭ نېمىمىز تونۇتقان؟
بۇغدىيىمىزمۇ، قوناقىمىزمۇ؟ ياق، ئاشۇ زەيتۇنە
دەك سەنئەتكارلارغۇ! ئۇلار ئۆزىنىڭ تاڭ
چولپىنىدەك نۇرانە، يېگانە سەنئەت كامالىتى
بىلەن يۇرتىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇتقان. يۇرتىمىزغا
شان-شەرەپ ئېلىپ كەلگەن. بىزگە باشقىلارنىڭ
ئالدىدا گەۋدىمىزنى مەغرۇر كېرىپ يۈرەلىگۈ-
دەك ئاسمانچە يۈكسەك غۇرۇر — مەرتىۋە ئاتا
قىلغان. نىھايەت، جاھان سەھنىسىدە شەنىگە
ئالقىش ياغقان، شان-شەرەپ ۋە ئىپتىخار،
ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئاشۇ كىشىلەر
نېمىشقا مېنىڭ كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالالمىدى؟
ئاڭلىسام، زەيتۇنە چەت ئەلگە ئويۇن قويۇشقا
چىققاندا شۇ ئەلنىڭ ئالاقىدار ئەربابلىرى
زەيتۇنەنىڭ ئۆز دۆلىتىدە قېلىشىنى كۆپ قېتىم
تەلەپ قىلىشقان ئىكەن. چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ
سەنئەت جەۋھەرلىرىمىزنىمۇ ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن
ئورتاق بايلىق دەپ قارايدىكەن. ئۇلارنىڭ
مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى مەرتىۋە،

ئابرويي جەمئىيەتتە ئۆز زۆكتۈگلىرىدىن قېلىشمايدىكەن. قىسقىسى، بىز ئۈچۈن ئەرزىمەس، قەدىرسىز ھېسابلانغان نەرسىلەر ئۇلار ئۈچۈن چەكسىز قەدىرلىك ۋە بىباھا گۆھەر ھېسابلىنىدىكەن. مەن نېمە قىلدىم؟ ئىقرار قىلىشىم كېرەك، زەيتۇنەدەك ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۇلار گويا دەرۋازا يېنىدىكى پاخشە خىشتەك، لازىم بولغاندا ئەسكە ئالدىم، لازىم بولمىغاندا ئۇلارغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدىم. ئويلاپ باقسام، بۇ ئۆمەكتە زەيتۇنەنىڭ ئۇستازلىرى... ئەل ئىچىدە ھۆرمىتى بار ئاجايىپ داڭلىق سەنئەتكارلار ئۆتتۈپتۇ، ئاھ، ئىسىت...! ئۇلار قېرىپ كۆز يۇمۇپ ئۇ دۇنياغا ئۇزاپ ماڭغاندا ھەتتا نامىزىغىمۇ، نەزىرىگىمۇ بېرىپ قويماپتىمەن... يېقىندا بىر چەت ئەللىك سەنئەت تەتقىقاتچىسى ئۆتكەن يىل ۋاپات بولغان بىر مەشھۇر خەلق سەنئەتكارىمىز توغرىلىق مەن بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇ زاتنىڭ (تېخى ئۇنى زات ئاتايدىكەن) قەبرىسىنى ۋە ھەيكىلىنى ياسىغان- ياسىمىغانلىقىمىزنى سورىۋىدى، مەن ئۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. راست، مېنىڭ بۇ ئىشتىن زادىلا خەۋىرىم يوق ئىدى. ئۇ تەتقىقاتچى كېپىمگە ھەيران بولۇپ كۆزلىمگە ئۇزاققىچە قاراپ كەتتى ۋە ئاخىرىدا:

—سەمىڭىزدە بولسۇن ئەپەندىم، ئۇ زات مەملىكىتىمىزگە بېرىپ ئويۇن قويغان، خەلقىمىز قەلبىدە ئەبەدىي ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان. بىز بۇ سەنئەتكارنى مۇزىكا قامۇسىمىزغا كىرگۈزمەكچىمىز، — دېدى.

—ئۇ ئاددىي بىر پۇقراغۇ، — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

—توغرا، ئۇ ئاددىي بىر پۇقرا — بىراق ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە قوشقان سەنئەت ئۇستازى، — دېدى ئۇ سوئالىمغا سوغۇققىنا جاۋاب بېرىپ.

—بىراق، بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىز ئۇنىڭغا ھەيكەل ياساشقا يول قويمايدۇ-دە.

—گەپ ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئەمەس، ئادەملەردە... ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا. پەقەت نادان، روھى ھالاك بولۇۋاتقان ئادەملا ئۇنىڭغا يول قويماسلىقى مۇمكىن.

تەتقىقاتچىنىڭ بۇ سۆزىدىن خۇددى بەزگەك كېسىلى تۇتقان ئادەمدەك جالاقلاپ تىترىدىم. تىلىمغا ئۇنىڭ قوپاللىق بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزىنى رەت قىلىۋېتەلىگۈدەك بىرەر ئېغىز گەپ كەلمەيتتى. ئىچىم قۇپقۇرۇق ئىدى. مەن راستتىنلا نادانمۇ، راستتىنلا روھىم ھالاك بولۇۋاتقان ئادەممۇ؟ مەن راستىنى ئېيتسام، ئۆزۈمنىڭ ئۇنداقلىقىغا تېنىم بەرگۈم كەلمەيتتى-يۇ، زەيتۇنە ھەم ھېلىقى ئىشلار توغرىسىدا ئويلانغىنىمدا ئۆزۈمنى نېمىشقىدۇر شۇنچە ئەيىبلىك ھەم ۋىجدانىنى يوقاتقان نومۇسسىز مەخلۇق ئورنىدا ھېس قىلاتتىم. مەن نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇمنى يوقىتىش ھېسابىغا زەيتۇنە ھەم ئۇنىڭ ئىشداشلىرىنىڭ گۈزەل لاتاپىتى ۋە ئارتىسلارغا خاس كۈلكۈن تەبەسسۇمىنى بازارغا سېلىپ ئۇنىڭدىن پۇل ئوندۇرمەكچى بولدۇم؟ نېمىشقا مەن ئۇلارنى قەدىرلەش ۋە ئەزىزلەشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە كۆڭلىمىزنى ئاچىدىغان كېنىزەك، ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىدىغان ئەمەك ئورنىدا كۆردۈم؟ مەن نېمىشقا ناھىيەمىزنى كەمبەغەللىك ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ باشقىچەرەك ئۈنۈملۈك چارىسى ئۈستىدە ئىزدەنمىدىم؟ ئاھ، دەرىغا! ئويلاپ باقسام، ناھىيەنىڭ غېمىنى يەپ كېچە- كۈندۈز چېپىپتىمەن، جەۋرى-جاپادىن ھالىمدىن كېتىپتىمەنۇ، ھەر كۈنى ئىككى سائەت ۋاقىت ئاجرىتىپ ھۆججەت ئۆگىنىشنى، كىتاب- گېزىت كۆرۈشنى ئېسىمدىن چىقىرىپتىمەن. شۇڭا قولۇمدىكى رولنى، ئاستىمدىكى ئاتنىڭ تىزگىنىنى قانداق تۇتۇشنى بىلمىگەندىن كېيىن يۇرت ئاتىسى بولغىنىم بىلەن تامام قىسقا، ھوقۇقدار بولغىنىم بىلەن پىچىقىم كەسمەيدىغان، ئىلاجىسىزلىقتىن تۆۋەنگە بۇيرۇق سوقۇش، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىش بىلەن جان باقىدىغان بىچارىگە ئايلىنىپ قاپتىمەن. ئاشۇ ئالامەتلەرگە قارىغاندا،

مەن راستىنلا ھېلىقىچەت ئەللىكتەتقىقاتچى دېگەن نادان ھەم روھىي ھالاك بولۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى ئوخشايمەن...»

قارا قىش جاراڭشىپ تۇرغان ياڭۋار ئېيىنىڭ بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ۋالىي ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىشىدە بۇ ناھىيىگە كېلىپ چۈشتى. ھاكىم نېمىشقىدۇر ئۇ كۈنى كەچتە ۋالىينىڭ شەرىپىگە كۈتۈۋېلىش زىياپىتىمۇ، دوكلات سورۇنىمۇ ئۇيۇشتۇرمىدى. بىر كېچە ھاكىم ئۇچۇن تولىمۇ تەشۋىشلىك، ئەمما تېپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى، پەقەت ئەتىسى ئەتىگەندىلا خەلق ھۆكۈمىتى ئاشخانىسىدا ئىككى جوزىلىق زىياپەت تەييارلاندى. ۋالىي تاماقتىن كېيىن ئەپلىدەپ يېيىۋاتقان قارغا قارىماي ئەتىگەندىلا يولغا چىقتى. ھاكىممۇ پىكاپىغا ئولتۇردى. قائىدە بويىچە ھاكىم ئۇنى قوشنا ناھىيە چېگ-رىسىغىچە ئۇزىتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

بىپايان چۆللۈك ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن، قارلىق دالىنىڭ نەرى ئويمان، نەرى يول؟ بۇنى پەرق ئېتىپ بولمايتتى. ئالدىدا كېتىۋاتقان ۋالىينىڭ پىكاپى شوپۇرنىڭ شۇنچە ئېھتىيات بىلەن ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي قارلىق ئېرىققا بېرىپ تىقىلدى. پىكاپ خۇددى بوغۇشلانغان كالىدەك بوغۇلۇپ شىددەتلىك ھۆركىرەيتتى، ئالدى- كەينىگە يۈلقۇناتتى، چاقى جايىدا قۇرۇق ئايلىنىپ قار ئارىلاش شورلۇق توپىنى توزىتاتتى. ھاكىم شوپۇرى بىلەن پىكاپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ۋالىينىڭ پىكاپىنىڭ يېنىغا كەلدى.

- قېنى... قېنى...، - دېدى ئىككىسى تەڭلا پىكاپىنىڭ ئالدىدىن مۈرىدەپ ئىتتىرىۋېتىپ. ئەمما پىكاپ جايىدىن قوزغىلار ئەمەس، قېرىش-قاندەك چاقلار يەرگە تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ، پىكاپ بىر تەرەپكە قىيسايماقتا. ھاكىم ئىچ-ئىچىدىن تىت-تىت بولۇپ، بۆرىدەك ھۇۋلاپ يۈزىگە نەشتەردەك ئۇرۇلۇۋاتقان قارلىق شىۋىر-غاندىن دۈگدىيىپ، توڭلاپ مۇزدەك قاتقان قوللىرىنى ئىشقىلىدى.

-ئەستا...، - دېدى ئۇ پىكاپىنىڭ ئىچىدە پەلتۇسىغا پۈركەنگىنىچە كەينى ئۇچۇپ ئولتۇر-غان ۋالىيغا خىجىللىق بىلەن قاراپ، - بۈگۈن ئەسلىدە يولغا چىقماسلىقىمىز بوپتىكەن.

-مېھمانخانىدا ئىتتەك زېرىكىپ ئولتۇرايمۇ ئەمىسە؟- ۋالىي بۇ سۆزنى بىر خىل تەنە ۋە ئاچچىق بىلەن ئېيتتى. ھاكىم ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىغۇدەك بىرەر كەلىمە سۆز قىلىشقا ئاجىز ئىدى. ھايال ئۆتمەي يىراقتىن بىر توپ يول ئاسراش ئىشچىلىرى يېتىپ كەلدى. ئۇلارغا ئۈمىد ۋە تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇرغان ھاكىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زەيتۇنەنى، قا-سىمجاننى بىر قاراپلا تونىدى. زەيتۇنە ئۈستىگە قېلىن كالتە جۇۋا كىيىپ، بېشىغا كۆك چاقماق گۈللۈك يۇڭ ياغلىق چىگىۋالغىنىغا قارىماي ھېلىمۇ بۇرۇنقىدەكلا تاڭ چولپىنىدەك گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك ئىدى...

ئىشچىلار ھە - ھۇ دېيىشىپ، بىرلىرى پىكاپنى ئىتتىرىشتى، بىرلىرى گۈرجەك، جوتۇ بىلەن چاقنىڭ ئاستىنى كولاشتى. پىكاپ چوڭ يولغا چىقتى. ئىشچىلار گۈرجەك، جوتۇ-لىرىنى كۆتۈرگىنىچە يول بويلاپ يۇقىرىلاپ كېتىپ قېلىشتى. قېلىن قار ئۇلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا غىچىلدايتتى، شىۋىرغان چاپان، جۇۋى-لىرىنىڭ پەشلىرىنى ئۇچۇراتتى.


-ئاۋۇ ئايالنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلى-مەنغۇ؟- دېدى بىردىنلا روھلىنىپ ماشىنىدىن چۈشكەن ۋالىي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەۋەس بىلەن قاراپ، - قاراڭ، ئۇنىڭ مېڭىشىغا...ئىشچى بولغىنى بىلەن خۇددى يېڭى ئۇچۇرما بولغان قارلىغاچنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىكەنا.

- راست، ئۇ قارلىغاچ، - كەينىچە بىر ھا-لەتتە دېدى ھاكىم زەيتۇنەنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، - قارلىغاچ ئىدى، ئۇۋىسىدىن ئۇركۈپ كېتىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى.

1992- يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

# تارىم ۋادىسىدىن ئەرەفات تاغلىرىغىچە






(چەت ئەل سەپىرىدىن ئوچېركلار)

**ئەخەت تۇردى**

1991 - يىلى مايدا بېيجىڭ - موسكۋا خەلقئارا پويىزىغا ئولتۇرۇپ ئۇزاق بىر سەپەرگە ئاتلاندىم. بۇ ئۈچ ئايلىق سەپەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم، ئاڭلىدىم، ئويلىدىم. شۇ ئاساستا، ئاز - تولا بىر نەرسە يېزىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى. يازغانلىرىم ئوقۇرمەنلەر نەزەرىدە، مەن كۆرگەن دۆلەتلەرنىڭ تاغ - دەرياسى ۋە ئىجتىمائىي، ئېتنىك ئەھۋالى توغرىسىدا ئاددىي ساۋات بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

**سىبىرىيە تايگىلىرىنى بويلاپ ...**

1991 - يىلى 26 - ماي ئەتىگەندە ۋەتەن چېگرىسىدىن ھالقىدىم! ۋەتەن تۇيغۇسى



ھەقىقەتەنمۇ مۇقەددەس ۋە ۋىجدانىي تۇيغۇ ئىكەن. مەن بۇنى ئىككى دۆلەت چېگرىسى ئارىلىقىدىكى ئىككى يۈز مېتىردەك كېلىدىغان بىتەرەپ يەردىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا چوڭقۇر ھېس قىلدىم!... شۇ پەيت كۆڭلۈمدىن نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتى چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى:

«ۋەتەن تەركىنى بىر نەپەس ئەيلىمە،
يەنە رەنجۇ غۇربەت ھەۋەس ئەيلىمە!»

مەن ئۆز ۋاقتىدا جۇغراپىيە دەرسلىكلىرىدىن سىبىرىيىنىڭ كەڭلىكى ۋە بايلىقى، سىبىر تايگىلىرىنىڭ گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىكلىكى توغرىسىدا ئوقۇغان ئىدىم. مانا بۈگۈن بۇ يەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە نېسىپ بولدى! سىبىرىيە ھەقىقەتەنمۇ پايانسىز يېشىللىق دۇنياسى، بايلىق مەنبەسى ئىكەن. كۆككە بوي سوزغان قارىغايلىق، قېيىنزارلىقلارنىڭ چېكىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ياپيېشىل توقايلىقلار ئادەم كىرسە ئېزىپ قالغۇدەك دەرىجىدە سىرلىق ئىدى. ھەممە ياق گۈل - چېچەكلەرگە، ياۋا مېۋىلەرگە تولغان باغ - بوستانلىق ئىدى.

پويىز مانا شۇ يېشىللىق دۇنياسىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، توپتوغرا بەش كېچە - كۈندۈز ماڭدى. بۇنداق ئۇزۇن سەپەردە كىشىگە بىردىنبىر ئەمەك بولىدىغىنى: ياخشى ھەمراھ، كۆڭۈللۈك سۆھبەت. مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئىچىدە زىيالىيمۇ، تىجارەتچىمۇ، قاسساپمۇ، ئاشخانا خوجايىنىمۇ، بەش ۋاق نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان تەقۋادار موللىمۇ بار ئىدى. ئۇلار مۇقەددەس ئارزۇ ۋە ئېتىقاد بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانلار ئىدى.

بىز چۈشكەن پويىز خەلقئارا پويىز بولغاچقا، ھەر خىل دۆلەت، ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئادەملىرى بار ئىدى. شۇڭا، پويىزدىكى تۇرمۇشمۇ ھەر خىل- ھەر ياڭزا ئىدى. بولۇپمۇ، ياشلارنىڭ تۇرمۇشى ئالاھىدە قىزغىن ۋە ئۆزگىچە ئىدى. بىزنىڭ ۋاگوندا شەرقىي ياۋروپا تەرەپكە كېتىۋاتقان ئىككى جۈپ بېيجىڭلىق ئوغۇل - قىز بىلەن يەنە بىر جۈپ چەت ئەللىك (ئېھتىمال ئېنگلىز بولسا كېرەك) بار ئىدى. ئۇلار كۈندۈزى كۆپ ۋاقىتتا ۋاگوننىڭ تارغىنا كارىدورىغا چىقىۋېلىپ، دېرىزىنىڭ يېنىدا بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ، سىرتنى تاماشا قىلاتتى ۋە ھېسسىياتلىرى تۇيۇقسىز ئۇرۇلگەن ۋاقىتلاردا بويۇنلىرىغا گىرە سېلىشىپ سۆيۈشەتتى، يالىشاتتى...

ياشلارنىڭ بۇ خىل «ئاشكارا ئىشقىي- مۇھەببىتى» دەرھال مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئىچىدە جىددىي ئىنكاس قوزغىدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ھەمراھلىرىمغا بۇ ئەھۋال ناھايىتى غەلىتە ھەم تاساددىپىي تۇيۇلۇپ، ھەيرانلىق ۋە بىزارلىق بىلەن سۆزلىشىپ كەتتى:

— يائاللا، نېمىنى كۆردۈم مەن! خۇدايىم، كۆزۈم كۆرمىگەن بولسۇن!

— شۇنى دېسىلە، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ!؟ ھۇ، ناشۈكرى بەچچىغەرلەر!...

— تۇفى!... بىنومۇس، ھاياسىزلار! كۈپكۈندۈزدە، خەلقئالەم ئالدىدا يالىشىۋاتقىنىنى!...

لېكىن، ئارىمىزدىكى جاھان كۆرگەن بەزىلەر ئۇنداق قارىمىدى:

— مۇھەببەت دېگەن ئوچۇق - ئاشكارا، ئەركىن نەرسە! ئۇلار بىر - بىرىنى لايىق تاپقان ئىكەن، نەدە، نېمە قىلسا قىلمامدۇ؟ سىلەرگە نېمە دەخلى؟! — دېيىشەتتى.

شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتنىڭ يوشۇرۇنلۇقى ۋە ئاشكارىلىقى توغرىسىدا بەس - مۇنازىرە قىزىپ كەتتى...

كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشى تەبىئىي ھادىسە. چۈنكى ئىجتىمائىي

رېئاللىقىمىزدا، تۇرمۇش شەكلىگە، گۈزەللىككە ۋە ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان قاراش، چۈشەنچە ھەم تاللاشتا بولۇشى تەبىئىي. شۇنداق ئىكەن، جەزمەن غۇلغۇلا كېلىپ چىقىدۇ.

يول داۋام قىلماقتا. تۇشمۇ تۇشتىن ئۆزگىرىپ تۇرغان ھادىسىلەر، مەنزىرىلەر بىزنىمۇ يېڭى - يېڭى ھېس - تۇيغۇ ۋە تەسىراتلار ئىچىگە باشلاپ ماڭماقتا.

بىر چاغدا پويىزنىڭ پۇشۇلداپ توختىشى بىلەن ئوتتۇراھال بىر ۋوكزالغا كەلدۇق. ھەممەيلەن پويىزدىن چۈشۈپ ھاۋالىنىشقا، ئەتراپىمىزدىكى بوتكا، ماگىزىنلارنى ئارىلاشقا باشلىدى. بوتكىلاردا ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللار كۆپ ئىدى. لېكىن ماگىزىنلار تاقاقلىق، ئوچۇقلىرىنىڭمۇ پوكەيلىرى ئاساسەن قۇرۇق ئىدى. شۇ چاغدا، قەيەردىندۇر ئۇششاق تىجارەتچىلەر پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياغلىقلىرىنى ئېگىكىدىن قوشۇپ چېگىۋالغان ئاياللار ئىدى. قوللىرىدا كۆتۈرۈۋالغان چېلەك، سېۋەتلىرىدە پىشۇرۇلغان تەرخەمەك، ياڭيۇ ياكى بولمىسا، قىزىل تۇرۇپ، گازىر-پۇرچاق دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇلار تۆت تەرىپىگە خۇدۇكسىرەپ قارايتتى. كىملەردىندۇر ئەندىكىپ تۇراتتى. ئۇلار پويىزدىن چۈشكەنلەر بىلەن ئەمدىلا سودا قىلىشنى باشلىۋېدى، قەيەردىندۇر تاپانچا ئېسىپ، توك كالتەكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كۆتۈرگەن ساقچىلار پەيدا بولدى - دە، ھېلىقى ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى بەئەينى لىچەن سوققان كەپتەردەك ھۈركىتىۋەتتى...

شۇ چاغدا، بىردىنلا كۆز ئالدىمغا بىر ۋاقىتلاردا بىزدىمۇ بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت ئاپەتلىك يىللارنىڭ خاتىرىسى كەلدى. ئۇ چاغدا بىزنىڭمۇ جاپاكەش، كاج تەلەي خەلقىمىز قورساق بېقىش، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق كۈنلەرگە يولۇققان ئىدى. قاسساپلار بىرەر پاقلاننى قازناقلىرىدا يوشۇرۇن سويۇپ، گۆشىنى بىر جىڭ، يېرىم جىڭدىن بەللىرىگە تۇگۇپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا سودا-سېتىق قىلاتتى. ناۋايلار بولسا، ئۆيدە ياققان نانلىرىنى تۆت - بەشتىن قويۇنلىرىغا تىقىپ، ئىما - ئىشارە بىلەن خېرىدار چاقىراتتى. ئەگەر ئۇلار ئازراق بىخەستەلىك بىلەن ئاشكارا سودا قىلىپ قالسا، شۇ ھامان تاياق - توقماق ئاستىدا قېلىپ، ماللىرى پاك - پاكىزە مۇسادىرە قىلىناتتى.

مەن بۇ ئەھۋاللارنى - بىز ئۈچۈن ئاللىقاچان كۈلكىلىك ھەم ئېچىنىشلىق تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارنى ئەمدىلىكتە سەبىر دىيىمىنىڭ چوڭ - كىچىك بېكەتلىرىدە كۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم ئىچ - ئىچىمدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم!

## سالام موسكۋا

ھېلىمۇ ئېسىمدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىمدىلا، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بۇ ئىسىمنى مېنىڭ قەلبىمگە سىڭدۈرگەن. شۇندىن باشلاپ «موسكۋا» مەن ئۈچۈن تونۇش ھەم يېقىملىق ئىسىم بولۇپ قالغان ئىدى!

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى سائەت ئىككى بىلەن موسكۋانىڭ كىيېۋسكىي ۋوكزالىغا كېلىپ چۈشتۇم. كۆز ئالدىمدا ھەقىقەتەنمۇ باشقىچە بىر دۇنيا - خىلمۇ خىل چىراي، رەڭگا-رەڭ كىيىم، ئېگىز، ھەيۋەتلىك بىنالارغا تولغان شاۋقۇن - سۈرەنلىك بىر دۇنيا نامايان بولدى. كىيېۋسكىي ۋوكزالى ئوكرائىنانىڭ ئىمارەتچىلىك ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ئانچە ھەشەم-دەرەمى يوق ۋوكزاللارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنىڭدا مەخسۇس جەنۇبىي ياۋروپاغا بارىدىغان

پويېزلار باشقۇرۇلىدىكەن. بىز بىر نەچچە ھەمسەپەرلەر يۈك - تاقلىرىمىزنى ۋوكزالنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق. چۈنكى بىز بۇ يەرگە كېلىپلا گاچا، گاس ھەم قارىغۇغا ئايلىنىپ قالغان ئىدۇق. تىل بىلمەيمىز ھەم باشقىلارنىڭكىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلمەيمىز، ھەتتا ئۆزىمىز تۇرغان يەردىن تۆت قەدەم نېرىغا بارالمايمىز. قىسقىسى، بىز گويا باشقا بىر كائىناتتىن تۇيۇقسىز بۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك غېرىبلىق، يېتىملىك ئىچىدە قالغان ئىدۇق. ئەتراپىمىزدا يۈرگەن ھەر خىل ئادەملەر - قولتۇقىغا دىپلومات سومكىسىنى قىستۇرۇپ، كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى قاتۇرۇپ كىيىنگەن زىيالىيلار، نەسلى بۇزۇلغان ئاجايىپ غەلىتە ئىتلارنى يېتىلىۋالغان سېرىق چاچ، كۆك كۆز خانىملار، چاچلىرى پاخپايغان، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، بوينىغا كرېست بەلگىلىك زەنجىر ئېسىۋالغان ھامماللار بىزگە ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق قاراپ كېتىشەتتى. ھەمسەپەرلىرىم ئىچىدىكى ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، بېشىغا شاپاق دوپپا، ئەگنىگە ئىشتانباغلىق كەڭ ئىشتان بىلەن مەخسۇمچە ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان بىر - ئىككىسى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىغان بولسا كېرەك، ئۇلار بىر نەرسىلەرنى دېيىشىپ، پىچىرلىشاتتى، كۈلۈشەتتى...

بىز شۇ ھالەتتە - ئۆزىمىزگە ئازاب، باشقىلارغا كۈلكە بولۇپ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي گاڭگىرىغان ھالەتتە 2 - 3 سائەتنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. شۇ چاغدا بىزدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇ يۈك - تاقلارنى بىر يەرگە يىغىشتۇرۇپ، ياتاق بىلەن قورساقنى يەيدىغان بىر نەرسە تېپىش ئىدى. دەل شۇ چاغدا، خۇددى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئۈچ - تۆت بالىلار قەيەردىندۇر پەيدا بولۇپ، بىزنىڭ پۇت - قوللىرىمىزغا ئېسىلىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ چوڭراقى 10 - 11 ياشلىق قىز بالا، كىچىكلىرى ئالتە - يەتتە ياشلىق ئوغۇللار ئىدى. ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك كىيىملىرى ئاۋارە، باش - كۆزى مەينەت ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ رەڭگى - روھىغا، ئۆڭىگە، ئۆزئارا ۋىچىرلىشىۋاتقان تىلىغا زەڭ سېلىپ، شۇ يەردىكى سىگانلارنىڭ ياكى چىركەسلەرنىڭ بالا - چاقىلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. بىز ئىشارەت بىلەن ئۇلارغا بەرگۈدەك نەرسىمىزنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇشىمىزغا ساقاللىق دىۋانىدىن بىرسى كەلدى. ئۇ خۇددى ئۇرۇش يىللىرىدا مېيىپ بولغان سولداتتەك، بىر پۇتى تىزىدىن يوق، ھاسا تايىنىۋالغان، قاسماق كەپكە شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىپ، ئاپئاق چاچلىرىنى پاخپايتىۋالغان، ئۆشنىسىگە كونا بىر خالتىنى ئېسىپ، قولىدا يوغان بىر قەلەي كورۇشكا كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ رۇس ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىز بۇ چوڭ - كىچىك دىۋانىلاردىن يانچۇقىمىزدا ئېشىپ قالغان بىر نەچچە تال كەمپۈت، پېچىنىلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ ئاران قۇتۇلدۇق. بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئەھۋال بىردىنلا مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېزىۋەتتى. مەن ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان، كۆڭلۈمدە مۇقەددەس ئورۇن ئالغان بۇ مۆتىۋەر شەھەرگە كېلىپلا مۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتارمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. ھەي، ... خىيال باشقا، ھايات باشقا ئىكەن - دە! ...

ئاستا - ئاستا كەچ كىرىشكە باشلىدى، بىز تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قالدۇق. شۇ چاغدا، تەلىيىمىزگە ھامماللار ئىچىدىن بىر - ئىككى تاتار چىقىپ قالدى. بىز ئۇلار بىلەن چالا - پۇچۇق سۆزلىشىش ئارقىلىق، ۋوكزالنىڭ يۈك - تاق ساقلايدىغان يېرىنى تاپتۇق. لېكىن ھامماللار بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «سومكا - تاغارلىرىڭلاردىن پات - پات خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار،

بولمىسا، يوقاپ كېتەمدۇ» دېدى. بۇ گەپ بىزنى بىر ئاز ئەنسىرىتىپ قويدى. بىز يۈك - تاق ساقلايدىغان بىرسىگە بېيجىڭدىن ئېلىۋالغان ماي قەلەم بىلەن بىر نەچچە تال تىرناق ئالغۇچ بېرىپ، يۈك - تاقىمىزغا ئوبدانراق قاراپ قويۇشنى تاپىلىدۇق.

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن بېشىمىزغا يەنە بىر غەم چۈشتى. قەيەردە ئۇخلاش كېرەك؟ ئەتراپتىكى مېھمانخانىلاردىن ئورۇن تاپالمىدۇق. قولىمىزدا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۆتىدىغان ئامېرىكا دوللىرى، سوۋېتنىڭ روبلىسى تۇرۇقلۇق، بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقاقتىن ياتىدىغان ئورۇن تېپىلماي، بەكمۇ ئەلەم قىلدى. شۇنچە ھەيۋەتلىك، كاتتا موسكۋادا بىزدەك غېرىب - مۇساپىرلار سىغقۇدەك بىرەر پاناھلىق جاي يوقمىدۇ؟ كونىلار توغرا ئېيتىپتىكەن: «ئايىغىڭ كىچىك بولسا، دۇنيانىڭ كەڭلىكىدىن نېمە پايدا؟!» مېنىڭچە، جەمئىيەت تەرەققىياتى ھامان ئادەملەرنىڭ ئوبدانراق ياشىشى ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتىشى كېرەككۇ؟! ھازىر بۇ يەردە بىزنى قىيناۋاتقىنى يالغۇز ياتاقلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى سەپەر ئۈچۈن پويىز بېلىتى ئالىدىغان يەرنى تېپىشنىڭ قىيىنلىقى ئىدى. موسكۋادا توققۇز يەردە كاتتا - كاتتا پويىز ۋوگزاللىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە بېلەت سېتىلمايدىكەن، بېلەت شەھەرنىڭ ئالىمقانداق بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا سېتىلىدىكەن. دېمەك: «بىرى باغدا، بىرى تاغدا» دېگەندەك، پويىز بار يەردە بېلەت يوق، بېلەت بار يەردە پويىز يوق ئىكەن! شۇنداق قىلىپ، موسكۋانىڭ تۇنجى كېچىسىنى ۋوگزالنىڭ كۈتۈش ئۆيىدىكى قاتتىق ئورۇندۇقتا بەزىدە ئولتۇرۇپ، بەزىدە يېرىم - ياتا قىڭغىيىپ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. مەن ئۈچۈن، بەش كېچە - كۈندۈزلۈك ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئازابىدىنمۇ كۆرە، مۇشۇ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈش بەكمۇ مۈشكۈل تۇيۇلدى. مۈگدەپ ئولتۇرۇپ يېرىم كېچىنى ئۆتكۈزدۈم، كېيىن بېشىمغا كىچىك سومكىنى قويۇپ، سوزۇلۇپ ياتتىم - دە، خىرە - شىرە ئۇيقۇغا كەتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە چۆچۈپ ئويغاندىم، سەزدىمكى، تۇڭلاپ، تىترەپ، شۈمشىيىپ قاپتىمەن. ماي ئېيى موسكۋانىڭ يامغۇرلۇق كۈنلىرى بولغاچقا، كەچ ۋە سەھەردە خېلى ئاچچىق سوغۇق بولىدىكەن. قارىسام، سائەت تۆتكە يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ۋوگزالنىڭ سىرتىغا چىقتىم. سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇپۇق يورۇپتۇ. يۈزۈمگە خۇددى تاغ سەلكىنىدەك ساپ ۋە سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلدى. كېچە ئازراق يامغۇر ياغقاچقا، ئاسفالىت يوللار چىراغ نۇرىدا پاكىز يالتىرايتتى. نەمخۇش سوغۇق ھاۋا بىلەن تېخىمۇ تۇڭلاشقا باشلىدىم، ھەرىكەتلىنىش كېرەك، ھەرىكەت بىلەن ئىسسىنىش كېرەك! كىيېۋسكىي ۋوگزالىنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە ئۈچبۇرجەك باغچا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن سوزۇلغان چوڭ ئاسفالىت يول بار ئىدى. مەن شۇ يولنى بويلاپ چارەك سائەتتەك يۈگۈردۈم ۋە ئىسسىپ تەرلىگەندىن كېيىن ئارقىمغا قايتىپ ھېلىقى ئۈچبۇرجەك باغچىنى ئايلاندىم. باغچا چىرايلىق، بوككىدە ئىدى. كوچىلارغا تېخى ئادەم چىقمىغاچقا، ھەممە يەر تىنچ ۋە خىلۋەت ئىدى. لېكىن، تويۇقسىز قۇلىقىمغا مۇڭلۇق گىتار ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن قىزىقىپ شۇ تەرەپكە سىلجىدىم. گۈللۈكلەر ئارىسىغا قويۇلغان چەتتىكى بىر ئورۇندۇقتا ئۈچ رۇس يىگىتى ئولتۇراتتى. ئوتتۇرىدىكىسى بىر پۇتىنى يەرگە، بىر پۇتىنى ئورۇندۇققا قويۇپ گىتار چالاتتى، ياندىكى ئىككىسى ناخشا تەڭكەش قىلىۋاتاتتى. ئۇلار شىركەيپ ئىدى. كۆزلىرى خۇمارلاشقان، كىيىملىرى ساڭگۆل - سۆڭگۆل كۆرۈنەتتى. ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا قالايمىقان تاشلانغان ۋودكا بوتۇلكىسى، كونسېرۋا قۇتىسى، تاماكا قالدۇقى ۋە ھەر خىل ماركىلىق سولياۋ خالتىلار چېچىلىپ ياتاتتى. ئەپتىدىن قارىغاندا، ئۇلار كېچىچە مۇشۇ

يەردە تۇنىگەندەك، ئۆزلىرىچە ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، مۇھەببەت ناخشىلىرى بىلەن مەست بولغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى بىلمىسەممۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاھاڭىدىن، ئاۋازىدىن، روھىي كەيپىياتىدىن بىر خىل مەستىكلىكنى، چۈشكۈنلۈكنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. شۇ چاغدا، قەيەردىندۇر پەيدا بولغان بىر چال يەردىكى بوتۇلكىلار بىلەن كونسېرۋا قۇتىلىرىنى يىغىپ يەلكىسىدىكى خالتىغا سالدى ۋە يېنىدا ھېچكىم يوقتەك قاراپمۇ قويماي، ئالدىمىزدىن دىڭگۈكلاپ ئۆتۈپ كەتتى...

مەن موسكۋانىڭ تۇنجى سەھىرىنى ئەنە شۇنداق يۈگۈرۈش، سەيلە قىلىش ۋە يېڭى تونۇشلار بىلەن غايىۋانە سىردىشىش ئارقىلىق كۈتۈۋالدىم!

مەن موسكۋادا بار - يوقى تۆت كۈن تۇردۇم. كۆرگەنلىرىم ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ لېكىن كۆڭلۈمگە پۈككەن ئاساسلىق جايلارنى كەزدىم، ئايلاندىم.

شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، 8 مىليون نوپۇسقا ئىگە بۇ چوڭ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ كاتتا ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى. شەھەرنىڭ توققۇز يېرىگە جايلاشقان چوڭ - چوڭ پويىز ۋوگزاللىرى موسكۋانى ئۆز مەملىكىتىنىڭ ھەر قايسى شەھەر - يېزىلىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن تۇتاشتۇراتتى. شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان كېرىمىل سارىيى بىلەن قىزىل مەيدان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ شان - شۆھرىتىگە يارىشا سەلتەنەت ۋە سالاپەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى قەدىمكى چېركاۋلارنىڭ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك مۇنارلىرى بىلەن يېڭى پاسوندىكى قات - قات ئىمارەتلەر رۇس خەلقىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى بىلەن كۈچلۈك مىللىي روھىنى نامايان قىلاتتى!...

مېنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى ۋە ھەيران قالدۇرغىنى، پۈتۈن موسكۋا شەھىرىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئوراپ تۇرىدىغان 200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مېترو (يەر ئاستى تۆمۈر يولى) بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنيا بويىچە 1 - دەرىجىلىك مېترو بولۇشىغا مۇناسىپ ياسالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئازادە، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى پەن ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ مەھسۇلى بولسا، ئۇنىڭ گۈزەل نەقىش ۋە بېزەكلىرى يۈكسەك سەنئەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى. خۇددى يەرنىڭ قەرىگە سېلىنغاندەك بۇنداق چوڭقۇر، پۇختا، مۇرەككەپ ۋە بىخەتەر قۇرۇلۇشنى پەقەت يۈكسەك زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋە يۈكسەك سانائەتنىڭ كۈچى بىلەنلا قىلغىلى بولاتتى. موسكۋا مېتروسىغا ھەقىقەتەنمۇ رۇس خەلقىنىڭ يېتەرلىك ئەقىل - پاراسىتى ۋە ھالال قان - تەرى سىڭگەن ئىدى. شەھەردىكى قاتناش قوراللىرى ئىچىدە ئەڭ ئەرزىنىمۇ يەنە شۇ مېترو ئىدى. 15 كوپېك (بىزدىكى بىر نەچچە پۇڭغا تەڭ) بىلەن مېترونىڭ خالىغان يېرىدىن چۈشۈپ، خالىغان يېرىدىن چىققىلى بولاتتى. موسكۋا شەھىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك - تېلېفون ئالاقىسىنىڭ ناھايىتى ئەرزان، راۋانلىقى ئىدى. كوچىلارنىڭ ھەر قانداق بىر دوقمۇشىغا ئون نەچچىدىن تېلېفون بوتكىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئىككى كوپېكلىك تەڭگە پۇل بىلەن ناھايىتى تېزلا موسكۋانىڭ ھەر قانداق يېرى بىلەن ئازادە سۆزلەشكىلى بولاتتى.

«ئۆزبېكىستان رېستورانى» موسكۋادىكى ئۆزبېك، قازاق، ئۇيغۇر، تاتار ... ئىشقىلىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر يىغىلىدىغان سورۇن ئىكەن، مەنمۇ ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە شۇ يەرنى تېپىۋالدىم، تاماق مەسىلىسى ھەل بولدى. ياتاقنىمۇ موسكۋادا سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەن ھەمشەھەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىر زاۋۇتنىڭ مېھمانخانىسىدىن ھەل قىلغان بولدۇق.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە تۆت كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، موسكۋادىن ئايرىلىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. مەن پويىزغا چىقىدىغان ۋاقىتتا، ھەممە يېرى ھايات شاۋقۇنلىرىغا تولغان، كىشىلەر تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى بىلەن جىددىيلىشىپ يۈرۈيدىغان بۇ مىخانىك دۇنياغا ئاخىرقى قېتىم چوڭقۇر نەزەر بىلەن يەنە بىر قېتىم قارىدىم. كۆڭلۈمدە ھۆرمەت ۋە ئەپسۇس، قىيالماسلىق ھەم بىزارلىققا ئوخشاش مۇرەككەپ تۇيغۇلار پەيدا بولدى!

شۇنداق، ئادەمنىڭ روھى بەكمۇ مۇرەككەپ نەرسە. ئۇ خۇددى تۆكمە يامغۇردىن كېيىن ئاسماندا پەيدا بولغان ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن چاقنىغان خىلمۇ خىل نۇرلارنىڭ بەزىسى ناھايىتى جۇلالىق، روشەن بولسا، بەزىسى بەكمۇ خۇنۈك ۋە بەدرەڭ بولىدۇ!...

## سوۋېت - رۇمىنىيە تۆمۈر يولىدا

موسكۋادىن كەچتە قوزغالغان پويىز ئەتىسى چاي ۋاقتى بىلەن ئۇكرائىنانىڭ مەركىزى كىيېۋتىن ئۆتتى. يىراقتىنلا بۇ قەدىمكى، مەشھۇر شەھەرنىڭ ئالتۇن مۇنارلىق چېركاۋلىرى، كۆككە بويسۇزغان زامانىۋى ئىمارەتلىرى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا چاقناپ، جۇلالىنىپ تۇراتتى. بۈك - باراقسانلىق ئىچىدە سالاپەت بىلەن ئاستا ئېقىپ چىققان ھەيۋەتلىك دنېپىر دەرياسى بولسا، شەھەرگە تېخىمۇ ھۆسن ۋە ھاياتبەخش گۈزەللىك قوشقان ئىدى. مەن بۇ شەھەرنى بويلاپ ئۆتتۈۋېتىپ، مۇشۇ يەردە ياشاپ، ئىجاد قىلغان ئۇلۇغ يازغۇچى، شائىرلاردىن 19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئىنقىلابىي دېموكراتىك شائىر تاراس گېرىگورېۋىچ شېۋچېنكو (1814 — 1861) بىلەن ئىۋان فرانكو ( 1856 — 1916) نى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالدىم. مەن مۇشۇلارنىڭ ئەسىرى ئارقىلىقلا كىيېۋ شەھىرىنىڭ تارىخىنى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىنى خىيالەن كۆرگەن ئىدىم. مانا بۈگۈن شۇ خىيالىي شەھەر يول ئۈستىدە بولسىمۇ، كۆز ئالدىمدا ئەينەن نامايان بولدى.

پويىز چۈشتىن كېيىن، سوۋېت - رۇمىنىيە چېگراسىغا كەلدى، بۇ يەردىن نۇرغۇن رۇمىنىيىلىك يولۇچىلار پويىزغا چىقتى. مەن ياتقان ئۆيگىمۇ ئىككى رۇمىنىيىلىك ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ ئېلىپ ماڭغان يۈك - تاقلىرىدىن قارىغاندا، تىجارەتچىلەردەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتىم. 60 ياشلار ئەتراپىدىكى ئاق چاچلىق، دوغلاققىنە كەلگەن بىرسى تولىمۇ خۇش پېئىل، دىلكەش ئادەم ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىما - ئىشارە ئارقىلىق ئەھۋاللاشتىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاز - تولا تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا ناۋات بىلەن چاي دەملەپ، بېيجىڭدىن ئېلىۋالغان ئالمى سورتلۇق پېچىنىلەرنى بەردىم، ئۇمۇ ماڭا ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەنگەن شاكالاتلاردىن بەردى. شۇنداق قىلىپ، بىز قول ئىشارىتى بىلەن سۆزلىشىدىغان ھەمسەپەرلەردىن بولۇپ قالدۇق.

ئىيۇننىڭ ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى رۇمىنىيىنىڭ پايتەختى بۇخارېستقا كەلدىم. بەزىلەر بۇ شەھەرنى «بۆكەرەش» دەپ ئاتايدىكەن. بەلكىم بۇ تارىختا تۈركلەر تەرىپىدىن قېپقالغان نام بولسا كېرەك. بۇخارېست دېگەن ئىسىم ۋە بۇ شەھەر ماڭا كىچىكىمدىنلا، دۇنيا جۇغراپىيىسى دەرسى بىلەن «ستېپان بەگ»، «دوناي دولقۇنى» قاتارلىق بىر نەچچە كىنولار ئارقىلىق تونۇش ئىدى. بىز بۇخارېست ۋوگزالىدا پويىزدىن چۈشۈپلا، خۇددى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەن ئادەمدەك گاراڭ ۋە خاموش بولۇپ قالدۇق. يەنە شۇ تىل دېگەن بۇ ئەتىۋارلىقنى

بىلمىگەچكە، ئەتراپتىكى كىشىلەر بىلەن مۇھەببەت بىز ئۇچۇن يوچۇن ۋە سىرلىق ئىدى. پەقەت پارقىراپ تۇرغان كۆزىمىزلا ھەر خىل چىراي، ھەر خىل رەڭ ۋە ھەر خىل شەكىللەرگە تولغان جىددىي، شاۋقۇنلۇق بىر ھايات ئېقىمىنى كۆرۈپ تۇراتتى. بىز يۇك - تاقىمىزنى خالىغان بىر يەرگە تارتىپ، شۇ يەردە مۈكچىيىپ ئولتۇردۇق. خىيالىمىزدا، تۇيۇقسىز بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، تىل بىلمىدىغان تونۇش بىرسى ئالدىمىزدا خىزىردەك ئوخشاش پەيدا بولۇپ، بىزنى بۇ كارالغىلىقتىن، غېرىبلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا، ئارىمىزدىكى قاساپچىلىق بىلەن بېيىغان بىرسى قاتتىق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ مۇنداق دېدى:

— خەپ! ... تىل دېگەن شۇنداق بولسا، بالىلىرىمغا بىر نەچچە خىل تىل ئۆگەتمەسەم! تىل بىلمەسلىكىمىز بەكمۇ جاندىن ئۆتتى! ...

— شۇنداق، — دېدى يەنە بىرەيلەنمۇ ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، — باشقا تىللارنى بىلىش خۇددى بىر قولۇپقا چۈشىدىغان بىر نەچچە ئاچقۇچقا ئىگە بولغاندەك خاسىيەتلىك ئىش ئىكەن! دېمىسىمۇ، بىز ھازىر تىلىمىز تۇرۇپ گاچىغا، قۇلىقىمىز تۇرۇپ گاسقا ئايلىنىپ قالدۇق!

— مەن بۇرۇن، بىزنىڭ تىلىمىز ئىمان بىلەن كەلگەن تىل، ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن ئەزىز دەپ، قارايتتىم، — دېدى ھېلىقى قاساپ يەنە ئۆكۈنۈش بىلەن، — نەدىكىنى، قەشقەردىن چىقىپلا ھېچنىمىگە ئەسقاتمىدى! ئەمدى مەن قايتىپ بېرىپلا ئىككى بالامنى چەت تىل ئۆگىنىشكە بېرىمەن. تىل بىلىش — ئۇلۇغ ئىش ئىكەن!...

مانا بۇ، شەپقەتسىز رېئاللىق ۋە ئەمەلىيەت نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ساپ ۋە سەمىمىي ھېسسىيات ئىدى. يۇقىرىدىكى سۆزلەر بىلەن تەبىئىي ھالدا تۇغۇلغان تىل توغرىسىدىكى سۆھبەت خېلى ئۇزاق ۋە چوڭقۇر داۋام قىلدى. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ چالا ساۋات ھەمراھلىرىمغا نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ تىل توغرىسىدىكى مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇپ بەردىم:

«تىلدۇر كىم، نىشان بېرەر ئۆلۈككە جاندىن،
تىلدۇر كىم، بېرەر جانغا خەۋەر جانانىدىن.
ئىنساننى تىل قىلدى جۇدا ھايۋاندىن،
بىلكىم، گۆھەرى ئەزىز يوق ئۇنىڭدىن.»

شۇنداق، تىل بىلمىگەن ئادەم خۇددى لاي بۇتقا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى، پىكىر-تۇيغۇسىنى باشقىلارغا يەتكۈزەلمەي، بىزگە ئوخشاش ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋېرىدىكەن. تىل بايلىقى ھەقىقەتەنمۇ ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر بايلىقى ئىكەن!...

توۋا، «تىلمسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك، «خىزىر»غا يولۇقۇش ئۈمىدىمىز تۇيۇقسىز رېئاللىققا ئايلاندى. بىزنىڭ ئالدىمىزدا راستتىنلا خىزىر — زەڭگەر ئاسماندەك كۆك كۆز، قىرقىم چاچ، غۇنچە بوي، قىرىق ياشلار ئەتراپىدا بىر ئايال پەيدا بولدى. ئۇ بىز بىلەن بىر ۋاگوندا بىر كۈن بىللە سەپەرداش بولغان رۇمىنىيىلىك ئىدى. ئۇ بىزنىڭ گاڭگىراپ، يېتىمسىراپ ئولتۇرغانلىقىمىزنى پەملىگەن بولسا كېرەك، يېنىمىزغا كېلىپ، ئىشارەت بىلەن: «نەگە بارىسىلەر؟ نېمە قىلماقچى؟» دېگەن گەپلەرنى ئۇقتۇردى. ئىشقىلىپ، بىز ئاشۇنداق ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن دۇنيانىڭ بىز ئۈچۈن يوچۇن، بىگانە بولغان مۇشۇنداق سىرلىق، قايناق يەرلىرىدىمۇ كۆڭلىمىزنى ئۆتكۈزدۇق. ھېلىقى ئايال ئۆزىنىڭ بىر ھەمرىھىنى چەتتە توختىتىپ قويۇپ، مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلىدى - دە، ۋوكزالنىڭ ئىش سوراش ئورنىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بىر قىز بىلەن بىر نەرسىلەرنى دېيىشتى، كېيىن يەنە قولۇمدىن يېتىلەپ، بۇ چوڭ ۋە مۇرەككەپ

ۋوكزالنىڭ بىر نەچچە يەرلىرىگە ئاپاردى ھەم بىلەتكە قول قويدۇرىدىغان ئورۇننى، ئەتىسى بىز ماڭىدىغان پويىزنىڭ سائەت نەچچىدە قوزغىلىدىغانلىقىنى، يېقىن ئەتراپتىكى مېھمانخانىنى ھەم ۋوكزالنىڭ چوڭ ئىشىكى ئالدىدىكى مېترونىڭ كىرىش ئىشىكىنى كۆرسىتىپ، قەغەزگە ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق سىزىپ چۈشەندۈرۈپ، يوك - تاقىغا، پۇل - پۇچەككە ئوبدان ھېزى بولۇشنى تاپىلىدى - دە، چىرايلىق سالام بېرىپ خوشلىشىپ كەتتى. مەن بۇ ئايالنىڭ بىزدەك ناتونۇش غېرىب - مۇساپىرلارغا قىلغان غەمخورلۇقىدىن، شاپائىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. دۇنيادا يەنىلا ياخشى ئادەملەر كۆپ ئىكەن. ھايات ۋە تۇرمۇش ھەمىشە ئەنە شۇنداق ياخشىلىقنى، ئۇلۇغلۇقنى، ھىممەتنى ئۆزىگە بۇرچ قىلغان ئادەملەر بىلەن تېخىمۇ گۈزەل ۋە چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن. قايسى بىر دانىشمەن توغرا ئېيتىپتۇ: «ئالەم ئۇلۇغ كىشىلەرگە باي، ئاخىر، ھەر بىر يېزا، ھەر بىر شەھەر، ھەر بىر ئۆلكە ئۆزىنىڭ بۈيۈك كىشىلىرىگە ئىگە ئەمەسمۇ!»

بىز شۇ كۈنى كەچتە، بۇخارېستتىن 250 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كونىستانتسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. كونىستانتسا رۇمىنىيىنىڭ قارا دېڭىز بويىدىكى ئەڭ چوڭ پورتى ھەم كېمە سازلىق سانائىتى مەركىزى ئىكەن. شۇ سەۋەب بىلەن ماڭا كارپات تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى كەڭ ۋە مۇنبەت تۈزلەڭلىكنى كۆرۈش نېسىپ بولدى...

مەن ھەمراھلىرىم بىلەن ئەتىسى ئەتىگەنلىكى كونىستانتسىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، تۈركىيىگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئاپتوبۇس رۇمىنىيە ۋاقتى كەچ سائەت يەتتە بىلەن بۇلغارىيە چېگرىسىدىن ئۆتتى. بىز كېچىچە قاپقاراڭغۇ ئورمانلىقلاردىن، يوپيورۇق شەھەر - مەھەللىلەردىن ۋە خامۇش ئۇيقۇغا چۆمگەن پايتەخت سوفىيىدىن ئۆتۈپ، سائەت ئىككى بىلەن تۈركىيە چېگرىسىغا كەلدۇق. سائىتىمگە قاراپ ھېسابلاپ كۆرسەم، 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بۇلغارىيە زېمىنىنى ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئالتە يېرىم سائەتتە كېسىپ ئۆتۈپ بوپتۇق...!

## ئىككى قىتئەگە تەئەللۇق شەھەر

ئىستانبۇل - مېنىڭ كۆڭلۈمدە تەسەۋۋۇرۇمدا خۇددى چۆچەك - رىۋايەتلەردىكى ئوردا - قەسىرلەردەك ساماۋى شەھەر ئىدى!

ئىيۇن ئېيىنىڭ ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى كۈن بىلەن تەڭ مەن بۇ شەھەرگە كىرىپ كەلدىم. شۇ ھامان كۆز ئالدىمدا نامايان بولغىنى، قانداقتۇر تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئازادە، تىنچ ۋە خىرامان شەھەر ئەمەس، بەلكى ئادەم بىلەن ماشىنا قىيان بولۇپ ئېقىۋاتقان، جىددىي ھەرىكەت رىتىمى بىلەن تۇرمۇشنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى پەلەككە يەتكەن شاۋقۇنلۇق شەھەر ئىدى.

7 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بىلەن ئىككى يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ماشىنىنى ئۆز يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ ئالدىراشچىلىق، جىددىيچىلىك، تىرىكچىلىك ۋە كۆزگە كۆرۈنمەس رىقابەتلەر بىلەن ئېغىر ھاسىرايتتى، پۇشۇلدايتتى!...

مەن بىرى - بىرى بىلەن يول تالىشىپ، قاتتىق سىگنال بىلەن سەپ - سەپ تۇرۇپ كەتكەن ماشىنىلارغا قاراپ خىيالغا چۆمدۈم: ئىنسانلار ھەر خىل تىپتىكى ماشىنىلارنى ۋە كەڭ - ئازادە ئاسفالىت يوللارنى پەقەت ئاسانراق مېڭىش، تېزرەك مېڭىش ئۈچۈنلا ياسىغان، لېكىن ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىنسانلار ئەسلىدىكى مەقسىتىگە يېتەلمىگەندەك قىلىدۇ. چۈنكى، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا قوچاق ئاچقان، ماشىنىلارغا تولۇپ كەتكەن بۇ شەھەر ئۆز كىشىلىرى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ئارتۇقچە بايلىقنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قېلىۋاتقاندەك، ئەگەر ئۇ مۇۋاپىق

تەڭشەلمىسە، شەھەرنىڭ گۈزەل قامىتى مۇكچىيىپ، ساپ ھاۋاسى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە بۇلغىنىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى!

تۇۋا، ئادەملەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق بەرپا بولغان نەرسىلەرنىڭ ئاخىر كېلىپ، يەنە شۇ ئادەملەرنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن! ئېھتىمال، بۇمۇ تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنى بولسا كېرەك. بولمىسا، ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە پايدىلىق تەبىئىي نۇر بىلەن يورۇقلۇقنى توسۇپ، ئاسمان - پەلەك بىنالارنى قۇرۇۋالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ماشىنىلارنى ئىجاد قىلىپ، قىقاس - چۇقانلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ نېرۋىلىرىنى قاقشىتىدۇ ۋە ئىس - تۈتەك ئىچىدە بۇرۇقتۇم بولۇپ ياشايدۇ؟!

دەرۋەقە، بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىنسانىيەتكە ھوزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇش بەخش ئەتتى. ئەگەر سىز كۆڭۈل ئېچىشنى خالىسىڭىز، ئۆيىدىن چىقمايلا تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇلار بىلەن كۆڭلىڭىزنى خوش قىلالايسىز؛ ساياھەتكە چىقماقچى بولسىڭىز، ماشىنا، پويىز، ئايروپىلان، پاراخوتلار بىلەن ھېچقانداق رىيازەت چەكمەيلا جاھاننى ئايلىنالايسىز؛ قەۋەتلىك بىنالاردا ئولتۇرسىڭىز، قىشتا پار دۇۋاي، يازدا شامالدۇرغۇچ بىلەن راھەتلىنىسىز. ئىشقىلىپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ جاپالىق كۈرەشلىرى ھېسابىغا بەختىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەت تەرەققىياتى، زامانىۋى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بەرپا بولۇشى كىشىلەردە يېڭى بىر خىل «مەدەنىيەت كېسىلى» نىمۇ پەيدا قىلىۋاتىدۇ. چوڭ شەھەرلەردىكى قىستاڭچىلىق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللار كىشىلەرنى ھودۇققاق، غەمكىن، چاچقۇن، ئۇيقۇسىز قىلىپ، بىر مۇنچە جىسمانىي ۋە روھىي ئازابلارغا گىرىپتار قىلىپ قويىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، مۇزىكا كىشىگە ئېستېتىك لەززەت بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ رىتىمى گۈزەل، جاراڭلىق، مۇڭلۇق، دولقۇنلۇق، يېقىملىق بولىدۇ. يەڭگىل مۇزىكىلارنى ئاڭلىغاندا، كىشىلەر شۇ ھامان ئىچ پۇشۇقىدىن خالاس بولۇپ، كۆڭلى ئېچىلىپ كېتىدۇ. لېكىن يېقىمسىز ئاۋاز پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەمنىڭ ئىچىنى تىتىلدىتىپ، جىنىنى قاقشىتىدۇ، زېرىكتۈرىدۇ، بىئارام قىلىدۇ. پويىز، تراكتور، ماشىنا، موتسىكلىت، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى ۋە چوڭ، ئاۋات بازارلاردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، چۇقان - سۈرەنلەر ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى بىزار قىلىپ، نېرۋىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۆتكەندە، ياپونىيەدىكى بىر داشۆ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆزى ئىشلەۋاتقان زاۋۇتتىكى پار بازغىنىنىڭ ئاۋازىدىن ئىچى تىتىلداپ، بىئارام بولۇپ، ئاخىرى چىدىيالماي بېشىنى پار بازغىنىنىڭ ئاستىغا تۇتۇپ بېرىپ، بىراقلا تىنچلانغانلىقى بۇنىڭ قورقۇنچلۇق دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

ئىستانبۇل ئەنە شۇنداق كېچە - كۈندۈز ئادەم ۋە ماشىنىلار بىلەن جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئويغاق، ھەممە يەر جىددىي ھەرىكەت بىلەن رىقابەتكە تولغان تىنىمسىز، شاۋقۇنلۇق، كاتتا شەھەر ئىكەن. ئۇ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يولىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىغا جايلاشقاچقا، قاتنىشى قولاي، بازارلىرى ئاۋات ھەم جانلىق ئىكەن ...

مەن ئىستانبۇلغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، دېڭىز كۆرۈش ئىشتىياقى بىلەن مەرمەر دېڭىزىنىڭ بويىغا كەلدىم. بۇ يەر تېخىمۇ ئاۋات، قايناق ھەم كۆڭۈللۈك ئىدى. بەزىلەر دېڭىز بويىدىكى ئىستىراھەت باغچىلىرىدا سالقىنداپ، دەم ئېلىپ، ھايات پەيزىنى سۈرەتتى؛ بەزىلەر دېڭىز ئۈپۈقلىرى بىلەن سۆيۈشۈپ تۇرغان قىيا تاشلارغا مىنىۋېلىپ، بېلىق تۇتاتتى؛ بەزىلەر دولقۇن ئۇرۇپ تۇرغان مۇزدەك سۇغا چۆمۈلۈپ، ئىرادىسىنى چېنىقتۇراتتى. مەن ئىككى قەۋەتلىك

ساياھەت پاراخوتىغا چۈشۈپ دېڭىزنى ئايلاندىم. دېڭىز ھەيۋەتلىك گۈرۈلدەيتتى، گويا مەڭگۈ ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدىغاندەك، نەرە تارتىپ چايقىلاتتى. ئۇنىڭ نەشپۈت چېچەكلىرىدەك بۇژغۇن چاچرىتىپ تۇرغان كۆكۈش، تىنىق سۈيى كەچكى شەپەق نۇرىدا تېخىمۇ رەڭلىنىپ جۇلالايتتى. ئۇنىڭ ئۇپۇق سىزىقى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن يىراق چېتىدە پايانسىز بىر يېشىللىق ئالەمى پەيدا بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل كەڭ ۋە راھەتلىك سېزىم ھاسىل قىلاتتى... قىسقىسى، دېڭىز ئۆزىنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتى، ھەيۋىتى، سالتەنىتى ۋە باغرىدا يوشۇرۇپ ياتقان ئاجايىپ سىرلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئېھتىمال، بۇ پاراخوتتا ماڭا ھەمراھ بولۇپ دېڭىز ساياھىتى قىلىۋاتقانلار ئىچىدە ماڭا ئوخشاش دېڭىزنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنى يوق بولسا كېرەك، شۇڭا، مەن ھەممە نەرسىگە قىزىقىش، ھەۋەس ۋە ھەيرانلىق بىلەن قارايتتىم، كۆز ئالدىمدا داۋالغۇپ تۇرغان بۇ يېشىل دۇنيا ماڭا ئاجايىپ سىرلىق ۋە مۆجىزىلىك كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ، دېڭىز بەزىدە شىددەتلىك چايقىلىپ، دولقۇن ئۇرۇپ گۈركىرەيتتى؛ بەزىدە تىپتىنچ، مۇلايىم بولۇپ قالاتتى؛ بەزىدە بولسا، كۈن نۇرىدا ئالتۇن سۈيىدەك جۇلالىنىپ، گۈزەل، يېقىملىق كۆرۈنەتتى؛ بەزىدە تۇمان قاپلاپ، سۇرلۇك تۈس ئالاتتى. ئىشقىلىپ، ئۆزگىرىشچان، كۆپ قىرلىق بۇ جانلىق ئالەم كىشىلەرگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىدەك رېئال تۇيغۇ ۋە تەسىرات بېرەتتى...

مېنىڭ چوڭقۇر خىياللىرىمنى شەپەق نۇرىدىن قىزارغان دېڭىز سۈيى ئۈستىدە بەزىدە قانات كېرىپ پەرۋاز قىلىپ، بەزىدە ساداقنىڭ ئوقىدەك سۇغا قاراپ شۇڭغۇپ يۈرگەن بىر نەچچە بېلىقچى قۇشلارنىڭ ھەرىكەتلىرى بۆلۈۋەتتى. دېڭىزنىڭ ھەيۋەتلىك گۈركىرىشى ئۇلار ئۈچۈن مۇزىكا، دېڭىزنىڭ قەھرىلىك ئۇپقۇنلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئۇسسۇل مەيدانى ئىدى.

مەن كېتىۋېتىپ، بىر نەرسىگە ئالاھىدە قىزىقىپ قالدىم. ئالدىمدا ئۈنچە - مەرۋايىتتەك جىمىرلاپ تۇرغان تىپتىنچ سۇ ئۈستىدە خۇددى مۇئەللەقتە تۇرغۇزۇلغاندەك بىر مۇنار پەيدا بولدى. پاراخوت ئۇنىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن ياسالغان راۋاق شەكىللىك مۇنار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. لېكىن ھەيرانلىقىم ئۇزۇنغا بارمىدى، شۇ يەردىلا بۇ مۆجىزىلىك قۇرۇلۇشنىڭ سىرىمۇ ئايدىڭلاشتى. ئۇنى تۈركچە «قىز كۈلى» (قىز راۋىقى) دەيدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قايسىبىر تۈرك سۇلتانىنىڭ ئامراق قىزى بىر ئاددىي يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇنى نومۇس بىلىپ، قىزىنى تۇسۇۋېتىپتۇ، قىز يىغلاپتۇ، ئازابلىنىپتۇ، غەمگە پېتىپتۇ. بىر كۈنى پەرىشان ھالدا ئۆزى يالغۇز باغنى ئايلىنىپتۇ. تۇساتتىن ئالدىغا يوغان چار يىلان ئۇچراپتۇ، قىز قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە كېسەل بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ قىزىدىن ئەنسىرەپ، تىنچ ۋە خالىي يەردە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، مەرمەر دېڭىزىنىڭ ئۈستىگە راۋاق سالدۇرۇپتۇ ۋە قىزىنى قۇرۇقلۇقتىن، ئادەملەردىن ئايرىپ، كېمە بىلەن شۇ يەرگە ئاپىرىپ تۇرغۇزۇپتۇ. بىر كۈنى خىزمەتكار بازاردىن مېۋە ئېلىپ كەپتۇ. قىز مېۋىلەرنى سېۋەتتىن ئېلىۋاتسا، ھېلىقى يىلان يەنە مېۋىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ قىزنى چېقىپتۇ، قىز ئۆلۈپتۇ، ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇرۇقلۇققا ئېكىلىپ قويۇپتۇ. ئەسلىدە، ھېلىقى يىگىت يىلان سۈرىتىگە كىرىپ، قىزنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە ئۇلار شۇ يول بىلەن مۇرادىغا يەتكەن ئىكەن...

مەن رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بۇ مۇھەببەت داستانىنى ئاڭلاپ، پاك ۋە ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ھەر قانداق يەردە، ھەر قانداق كۈچنىڭ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خۇددى

مۇشۇ دېڭىزدەك تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ۋە ئەبەدىي ئۆچمەس روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم!...

پاراخوت مەرمەر دېڭىزىنى يېرىم دائىرە ئايلىنىپ، ئاخىرىدا فوسفور بوغۇزىغا يېقىنلاپ كەلدى. مەن يىراقتىنلا بۇ مەشھۇر بوغۇزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ھەيۋەتلىك پولات ئاسما كۆۋرۈكنى كۆرۈپ ھاياجانلاندىم.

فوسفور بوغۇزى قارا دېڭىز بىلەن ئېتىقاندا، «كالا كېچىكى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى يونانلىقلارنىڭ قۇياش ئىلاھى زېۋستىن ئۆزگەرگەن بىر ئىلاھىي كالا پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنى كۆتۈرۈپ، مۇشۇ بوغۇزدىن ئۆتكەن ئىكەن!...

فوسفور بوغۇزى گويا ئىنسانلارنىڭ قولى بىلەن ياسالغان زۇمرەت ئېقىندەك، ئۆزىنىڭ يەڭگىل شاۋقۇنى، گۈزەللىكى، ئىللىقلىقى، لاتاپىتى ۋە بارلىق مۆجىزىسى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ۋە بىردەم بولسىمۇ، ئادەمنى تۇرمۇشنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىدىن خالىي قىلىپ، خىيالىي بىر دۇنيا قوينىدا ياشاۋاتقاندەك راھەتلىك ھېس قىلدۇراتتى...

ئىككى قىرغىقى يېشىللىققا ۋە كۆركەم ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە تولغان فوسفور بوغۇزى ئىستانبول شەھىرىنى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇراتتى، ۋە ھالەنكى، ئۇنىڭ ئۈستىدە گويا ھەسەن ـ ھۈسەندەك ئېسىلىپ تۇرغان پولات كۆۋرۈك بولسا، خۇددى بىر تەبىئىي بەلباغقا ئوخشاش، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىن ئىبارەت ئىككى قىتئەنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. مېنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنغان بۇ كاتتا كۆۋرۈكنىڭ مۆجىزىلىك قۇرۇلۇشى بولدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزى بىر كامالەتكە يەتكەن سەنئەت ئىدى، ئۇنىڭ ئىجادكارلىرى ئەنە شۇ قۇرۇلۇش سەنئىتى بىلەن بوغۇزنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. سۇ يۈزىدىن 60 نەچچە مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 نەچچە مېتىر كېلىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك كۆۋرۈكنىڭ سۇغا تۇتاشقان ھېچقانداق تۇرغۇسى يوق ئىدى. زامانىۋى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۆركەم شەكىلدە ياسالغان بۇ كۆۋرۈكنىڭ تاغ ئۇيۇتمىسىدەك مەزمۇت تېنى بوغۇزنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئىككى مۇنارغا ئېسىغلىق ئىدى!...

سەيلە كېمىسى بوغۇز ئىچىدە ئاستا ئۈزۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن قايىنام بولۇپ كۆتۈرۈلگەن سۇلار ئەتراپقا ئاق چېچەكتەك بۇژغۇن چاچرىتاتتى. مەن پاراخوت سۇپىسىدا تۇرۇپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم، ھاۋا خېلى ئىسسىق بولسىمۇ، لېكىن پاراخوت سۇپىسى شۇنداق سالقىن ۋە راھەتلىك ئىدى. كۈن ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرىدىن دېڭىز ۋە كۆۋرۈك تېخىمۇ يالتىراپ كەتتى. شۇ چاغدا، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھەيۋەتلىك مۇنار، بۈككىدە دەل ـ دەرەخ، كۆركەم بىنا ـ ئىمارەت ۋە قەدىمكى، سەلتەنەتلىك قەلئەلەرنىڭ سۇدا ئەكس ئەتكەن رەڭگارەڭ مەنزىرىسى پەيدا بولدى. بۇ مەنزىرە ئەسلىدىكىدىنمۇ گۈزەل ۋە سېھىرلىك ئىدى...

قايتىش سەپىرىمىزدە، مەن ئاسما كۆۋرۈك بىلەن بوغۇز ئېقىنىغا يەنە بىر قېتىم قارىدىم. يېڭىلا يېقىلغان چىراغ ۋە ماشىنىلار بىلەن بۇ يەر تېخىمۇ نۇرلىنىپ، جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. بوغۇز ئىچىدىكى ھەر خىل پاراخوتلارنىڭ گۈدۈك ئاۋازىمۇ ئەتراپتا ياڭراپ، كىشىلەرگە ھاياتلىق ئۈچۈن تىرىشىپ ـ تىرمىشىۋاتقان بىر خىل ئالدىراشلىق مەنزىرىسىنى ھېس قىلدۇراتتى!...

ئۆز ۋاقتىدا، بۇ بوغۇز ئىلاھىي كالا بىلەن بىر مەلىكىنى ئۆتكۈزگەن بولسا، مانا بۈگۈن ئىلاھ ئەمەس، ئاددىي خەلق تەرىپىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك پولات كۆۋرۈك ۋە سۇ ئۈستىدىكى لەھەڭدەك كاتتا پاراخوتلار بىلەن تۈمەنمىڭ «مەلىكە»لەر ئۇ قىرغاقتىن - بۇ قىرغاققا ئۆتۈپ، جاھان كەزمەكتە ئىدى!...

## «زەمبىرەك قۇۋۋىقى» ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم

تۈركلەر بۇ يەرنى «توپقاپى» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ يەردە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قەدىمكى قەلئەسى ۋە قەلئە سېپىلى بار ئىكەن. سېپىل بۇندىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى قىياپىتىنى تېخى يوقاتمىغان، بەزى يەرلىرى ھەتتا يېڭىلا سېلىنغان قۇرۇلۇشتەك چىرايلىق ھەم مۇستەھكەم تۇراتتى. مەن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى، قۇرۇلۇشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. تۇرۇپلا، ئادەمنى يىراق ئۆتمۈشنىڭ غەۋغالىرى بىلەن ھازىرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئىچىگە سۆرەپ كىرەتتى. بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق بىر تارىخىي مەكتەپ، ئۆز باغرىدا ئەجدادلارنىڭ نۇرغۇن سىر ۋە ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرغان تىلسىماتلىق دۇنيا ئىدى. خىيال قۇشلىرىم ئاستا - ئاستا پەرۋاز قىلىپ، بۇ يەرنىڭ «كونىستانتىنپول» دېگەن ئىسمىدىن «ئىستانبول» دېگەن ئىسمىغا ئۆزگەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قانلىق جەڭ خاتىرىلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى:

مىلادى 1453 - يىلى 6 - ئاپرېلدا كونىستانتىنپول ئاسمىنىدا توساتتىن گۈلدۈرمامىدەك توپ - زەمبىرەك ئاۋازلىرى ياڭراپ، يالقۇنلۇق ئىس - تۈتەكلەر كۆتۈرۈلدى، پۈتۈن شەھەر ئۇرۇش ئوتى بىلەن قاپلاندى. ئەسلىدە، تۈرك سۇلتانى مەھمۇد II 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە 320 جەڭ كېمىسى بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان بۇ قەدىمكى شەھەرنى قورشىۋالغان ئىدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ 6-پادىشاھى، 21 ياشلىق بۇ تۈرك سۇلتانى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە 1058 يىل پايتەخت بولغان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھونلار، ئازارلار، ئاۋارلار، پارسلار، ئەرەبلەر ۋە تۈركلەر كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغان بۇ مۇستەھكەم قورغاننى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلىغان ئىدى.

تۈرك قوشۇنلىرى ئاۋۋال غەرب تەرەپتىكى قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. شەرقىي رىم قوشۇنلىرى بۇ يەرگە تاش ۋە پىششىق خىشتىن ئىككى قات سېپىل سالغان بولۇپ، سېپىل ئۈستىگە ھەر 100 مېتىر ئارىلىقتا بىردىن مەزمۇت ئىستىھكام قۇرغان ئىدى. سېپىل سىرتىغا ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ سۇ خەندىكى قېزىلغان بولۇپ، سېپىل ئۈستىگە شوتا ياكى مەنجانىق بىلەن چىقىش بەسى مۇشكۈل ئىدى. شۇڭا، سېپىلنى ئاۋۋال ئېغىر زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتتى. ماتېماتىكا ئىلمى بويىچە ياسالغان بۇ خىل ھاۋان زەمبىرەكلىرىگە سېلىنغان تاش ئوقلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 500 كىلوگرام كېلەتتى. بىر مەھەل توپقا تۇتقاندىن كېيىن، ئون مىڭلىغان ئەسكەرلەر سۇ خەندىكىنى تىندۇرۇش مەقسىتىدە ياغاچلارنى كۆتۈرۈپ، غايەت يوغان سوغىلارنى دومىلىتىپ سۇ خەندىكىگە قاراپ ئاتلاندى. شەرقىي رىم قوشۇنلىرى ئىستىھكام ئىچىدە ۋە سېپىللارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، قارا مىلتىق ھەم تاش ئاتار توپلار بىلەن داۋاملىق قايتۇرما زەربە بېرىپ تۇردى. نۇرغۇنلىغان تۈرك ئەسكەرلىرى يارىلىنىپ، سۇ خەندىكىگە يېقىن بارالماي چېكىندى.

قاتتىق ھۇجۇمدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، تۈرك سۇلتانى مەھمۇد II باشقىچە يول تۇتتى...

كونىستانتىنپولغا دېڭىز ئارقىلىق كىرىدىغان ئېغىزلارنىڭ ھەممىسى تۆمۈر زەنجىرلەر بىلەن توسۇۋېتىلگەن ئىدى. مەھمۇد II ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇقى ئارقىلىق قەلئەگە يوچۇق ئېچىشنى پىلانلىدى. پىلان بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان كۈنى ئاخشىمى تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ 70 كېمىسى ئالتۇن مۈڭگۈز ئېغىزىدىكى تۆمۈر زەنجىرلەردىن بەرپا قىلىنغان توساقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، گالاتىيە قىرغىقىغا بېرىپ توختىدى، ئارقىدىنلا ئادەم كۈچى بىلەن كېمىلەرنى سۆرەپ قىرغاقتا چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ئۈستىگە قېلىن، پۇختا تاختايلارنى ياتقۇزۇپ بىر خىل ياغاچ يول ياسىدى. تاختايلارنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن مىقداردا كالا ۋە قوي يېغىنى سۈركەپ، كېمە سۆرەشكە توسالغۇلۇق قىلىدىغان سۈركىلىش كۈچىنى ئازايتتى. شۇنىڭ بىلەن مىڭبىر جاپادا كېمىلەرنى غىلتاڭ تاختاي يول ئارقىلىق ئىتتىرىپ، ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇقىنىڭ گىرۋىكىگە ئېلىپ باردى. تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا، 70 كېمە تۈشمۇ تۈشتىن سۇغا چۈشۈرۈلۈپ، سەپ تۈزۈپ لەيلەتمە كۆۋرۈك ھاسىل قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە چاققان ئىستىھكاملارنى قۇردى. تۈرك ئەسكەرلىرى مۇشۇ لەيلەتمە كۆۋرۈك ئارقىلىق 29 - ماي تاڭ سەھەردە كونىستانتىنپولغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى.

شەرقىي رۇم قوشۇنلىرى ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇقىدا تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئويلىمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇلار تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئۈزمەستىن توپقا تۇتۇشى ۋە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان تۈرك ئەسكەرلىرى بىر خىل رىتىمدا ئېيتقان تەكبىر سادالىرى ئىچىدە قىلىنغان ھۇجۇمىدا قەلئە سېپىلىدىن بىر ئېغىز ئېچىلدى. ئۇلار مانا شۇ ئېغىزدىن يوپۇرۇلۇپ، شەھەرگە بېسىپ كىردى. 53 كۈن مۇھاسىرىدە تۇرغان مۇستەھكەم قورغان ئاخىر يىمىرىلدى. تۈرك ئەسكەرلىرى شەھەردە ئۈچ كۈن بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر قول قىلىندى. كۆركەم، ھەيۋەتلىك ئوردا-سارايلار كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. ئەسىرلەردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن بىباھا، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. خرىستىئان دىنىنىڭ بارلىق بۇتلىرى چېركاۋلاردىن چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنىنىڭ مېھراب - تەكچىلىرى ياسالدى. خرىستىئان دىنىنىڭ 9 - ئەسىردىن بۇيانقى كاتتا ئىبادەتخانىسى، شەرق بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان «ئاياسوفىيە» ئىبادەتخانىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتىگە ئۆزگەرتىلدى. شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونىستانتىنپول دېگەن تارىخىي ئىسمىمۇ ئىستانبولغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنداق قىلىپ، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى كونىستانتىنپولنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولدى!...

مەن ئۇزاق تارىخنىڭ بىردىنبىر شاھىدى بولغان مانا شۇ قەلئە سېپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ، ئاشۇ قانلىق خاتىرىلەرنى ئەسلىگەن ۋاقتىمدا، بۇ دۇنيانىڭ ئەزەلدىن داۋالغۇپ تۇرغان تىنچسىز، غەلىيانلىق بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەزەلدىن ئېلىشىش، تىركىشىش، ئايرىلىش، قوشۇلۇش ۋە كۈچىيىش، يوقىلىشقا ئوخشاش تەكرارلىنىشلار ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزغان ۋە شۇنىڭ ھېسابىغا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم!...

## رەڭگارەڭ دۇنيا

ئىستانبولنىڭ بازار - رەستىلىرى ناھايىتى قايناق ۋە ئاۋات. ئىزدىگەن ھەر قانداق نەرسىنى تېپىش مۇمكىن. ماللار كۆپ، بازار ئەلۋەك بولغىنى بىلەن باھا مۇقىم ئەمەس، پۇل-

نىڭ قىممىتى تۇراقسىز. ئىستانبول كوچىلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان قېرى، ئاجىز سائىللار بىلەن پۇت - قوللىرى مەيىنەت، كىيىم - كېچەكلىرى ناچار ئۇششاق دىۋانىلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىستانبولنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى، ئىجتىمائىي كەيپىياتى خېلى رەتلىك ھەم مەدەنىيەتلىك ئىكەن. مەن ئاممىۋى سورۇنلاردا بىرەر ئادەمنىڭمۇ بىزدىكىگە ئوخشاش مەجنۇنلارچە ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىنى ياكى ئالا - تاغىل ناخشا تۇۋلاپ، كىشىلەرنى بىزار قىلغىنىنى ۋە ياكى كوچا - كويلاردا مەست بولۇپ يېتىپ قالغىنىنى زادىلا كۆرمىدۇم. كىشىلەر مۇناسىۋەتتە سىلىق - سىپايە، گەپ - سۆزدە قىزغىن ۋە ئەدەبلىك ئىكەن. ئېھتىمال، بۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ھەم تەربىيە كۆرگەنلىكىگە باغلىق بولسا كېرەك!

مەن بۇ قەدىمكىي، قايناق شەھەردە بىر مەزگىل تۇرۇش جەريانىدا، بۇ يەردىكى ئىجتىمائىي ئائىلە قۇرۇلمىسىنىڭ بىزگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ياش ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن كارى بولماي، ياشانغانلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا غېرىبلىق، مىسكىنلىك بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدىم. 70 ياشتىن ھالقىغان بىر قېرى ئادەم مېنىڭ ھەمرىھىمغا مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ: ئۇنىڭ ئوغلى «بورسا» دېگەن يەردە ياشايدىكەن، بىر كۈنى ئىستانبولدىن ئۇنىڭغا «داداڭ ئۆلدى» دېگەن تۇيۇقسىز بىر خەۋەر بېرىپتۇ. ئوغۇل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا بىر نەچچە ئايدىن بېرى كېلىپ باقمىغان دادىسىنىڭ ئۆيىگە مىراس ئالغىلى ئالدىراپ كەپتۇ. لېكىن ئىشىكتىن كىرىپ قارىسا، دادىسى ھايات تۇرغىدەك. ئۇ دادىسىغا تەپتارتماستىن يۈزمۇيۈز: «مەن سېنى ئۆلدى، دەپ ئاڭلاپ كېلىۋېدىم!...» دەپتۇ.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ تەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى.شۇ ھامان ئېسىمگە ناسىر خىسراۋنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتى كەلدى:

«قېرىغا ياردەم قىل سۆيۈنگەن تېغىڭ،
بۇنى چۈشىنىسەن قېرىغان چېغىڭ!»

دەر ھەقىقەت، ھاياتتا شۇنداق ئاددىي ۋە ئادىل بىر مىزان بار: ئاتا - ئاناڭ قېرىغاندا سەن ئۇنىڭغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولساڭ، سېنىڭ بالىلىرىڭمۇ سەن قېرىغاندا، ساڭا شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ! چۈنكى ياشلىق كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەبەدىي تۇرمايدۇ، ئۆزۈڭ سەزمىگەن ھالدا قېرىپ قالىسەن. ئۇ خۇددى قىشتىكى قاردەك تۇيۇقسىز ۋە شەپىسىز ھالدا بېسىپ كېلىدۇ. ئادەم قېرىغان چېغىدا ئەگەر مېھرى - شەپقەت، ئىززەت - ئېكرامغا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھاياتى خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ. ئەگەر ئۇ، ئۇنتۇلغان، تاشلانغان بولسا، ئۇنىڭ كۈنى غەم - غۇسسە، ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئۆتىدۇ. مېنىڭچە، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتى پەقەت ئىنسانلارغا خاس بولغان مۇقەددەس بىر تۇيغۇ! لېكىن، بۇ ئەللەردىكى بەزىلەر: ئادەملەر قانچە نادان بولسا، شۇنچە مېھرى - شەپقەتلىك بولىدۇ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى ئادەمدە زامانىۋى ئاڭ كۈچىيىپ، مېھرى - شەپقەت ئازىيىدۇ، دەپ قارايدىكەن. بۇ مەنتىقە بويىچە بولغاندا، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئادەملەرنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھەم ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە قىلماي، ئەكسىچە، ئۆز ئارا مېھرى - شەپقەت كۆتۈرۈلگەن ۋەھشىيلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويامدۇ؟!... ھېچكىمنى، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنى سۆيمىگەن ئادەمنى باشقىلار سۆيەمدۇ؟! تەربىيە كۆرگەن، مەدەنىيەتلىك ئادەملەر خۇددى ئا. پ.

چىقىپ ئېيتقانىدەك: «ئىنسان شەخسىيىتىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ھىممەتلىك، ئاقكۆڭۈل، خۇش مۇئامىلە ۋە كۆڭۈلچەك بولىدۇ!»

ھەممىگە ئايانكى، قېرىلىق، ئۆلۈم — ئىنسانلار بېشىدىكى كۈلپەتلىك تەقدىر. بۇنىڭدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن قېرىلىقنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە، ئۆلۈم ۋەسۋەسىنى ئازايتىشقا تامامەن بولىدۇ. بۇ پەقەت پەرزەنتلەرنىڭ مېھرى - شەپقىتى ۋە ھۆرمەت - مۇھەببىتى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ!

## «توپقاپى» ئوردىسىدىكى تارىخ

ئىستانبۇلنىڭ ياۋروپا قىسمىدا، «توپقاپى» دەپ ئاتىلىدىغان كاتتا بىر مۇزېي بار. تەخمىنەن مىلادىيە1478- يىللاردا بەرپا بولغان بۇ مۇزېينى ئىستانبۇلغا كەلگەن ھەر قانداق ئادەم بىر كۆرمەي قالمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بەش خاندانلىقىغا مەنسۇپ بولغان قىممەتلىك ئاسار - ئەتىقىلەر ساقلانغان. ئەسلىدە، بۇ يەر تۈرك سۇلتانى مەھمۇد I نىڭ ئىستانبۇلنى ئىستېلا قىلىپ، پايتەختنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرگەندىن كېيىن قۇرغان خان ئوردىسى ئىدى. كېيىن، يەنى 1858 - يىلى ئىستانبۇلنىڭ ئاسىيا قىسمىدا يېڭى ئوردا — «دولما باغچە» پۈتكەندىن كېيىن، بۇ يەر تاشلىنىپ قالغان. پەقەت 1922 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، بۇ يەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «توپقاپى مۇزېيى»غا ئايلاندۇرغان. بۇ مۇزېيدا، تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئەتىۋارلىق، بىباھا بۇيۇملار بۆلۈمى، پادىشاھلىق سەرپايلار بۆلۈمى، مۇقەددەس ئامانەتلەر بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈم ۋە بۆلەكلەر بار.

مەن نۇرغۇن چەت ئەللىك دوستلار بىلەن بىللە يىراق تارىخنىڭ شاھىدى ۋە مىللىي روھنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ داڭلىق مۇزېينى بىرمۇ بىر زىيارەت قىلدىم. مېنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە جەلپ قىلغىنى «مۇقەددەس ئامانەتلەر بۆلۈمى» بىلەن «جاھان بۇيۇملار بۆلۈمى» ۋە «گۈللۈك كەشتە بۇيۇملار بۆلۈمى» بولدى. «مۇقەددەس ئامانەتلەر بۆلۈمى»دە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈمۈش ئۆيى ①، ئالتۇن ساندۇقى، قىلىچى، ئوقياسى ۋە ئۇزۇن لىباسى قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملار بار ئىدى. بۇ تارىخىي تەۋەررۈكلەرنى ياۋۇز ② سۇلتان سەلىم مىلادى 1517 - يىلى مىسىرغا ھۇجۇم قىلغاندا، شۇ يەردىن قولغا چۈشۈرۈپ، ئىستانبۇلغا يۆتكەپ كەلگەن ئىكەن. بۇ بۆلۈمنىڭ ئەينەكلىك تام بىلەن ئايرىلغان خاس ھۇجرىسىدا، ئۇستىگە قىزىل تون، بېشىغا تەقىيە كىيگەن بىر ئادەم توختىماي قۇرئان قىرائەت قىلىپ ئولتۇرىدىكەن. بۇ بۆلۈمدە يەنە ئالتۇن بىلەن ياقۇتتىن ياسالغان كىچىك - كىچىك قۇتىلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلى، چېچى، چىشى، ئاياغ ئىزى، قەبرە توپىسى ۋە مۆھۈرى قاتارلىق مۇقەددەس خاتىرىلەرمۇ بار ئىدى. شۇنداقلا، يەنە بىر يەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىفتە قەبىلىسىگە مۇسۇلمان بولۇشنى دەۋەت قىلىپ، تېرىگە يازغان مۇبارەك خېتىنىڭ ئەينەن نۇسخىسىمۇ قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەينەكلىك ئىشكاپلاردىكى قىپقىزىل دۇخاۋىلارنىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە جەسۇر، باھادىر ساھابىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى جەڭلەردە ئىشلەتكەن قىلىچلىرى پارقىراپ تۇراتتى. مەن بۇ قىلىچلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلىچىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ يوغان ۋە ئۆتكۈرلۈكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. مەن كىچىككىنىمدە، مەدداھلاردىن ھەزرىتى ئەلى كەررەمۇللاھۇ ۋەجھەھۇ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ

① كۈمۈش ئۆي — چىملىدىقتا ئوخشاش قىلىپ ياسالغان ياتار جاي. ② ياۋۇز — قەھرىمان، باھادىر مەنىسىدە.

قىلىچى مۇنداق تەرىپلىنەتتى: ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردان زۇلپىقارىنى شۇنداق بىر شىلتىۋىدى، تاغلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، كۆكۈم تالقان بولدى.... نەچچە چاقىرىم يەردىكى سەپ - سەپ مۇشرىكلارنىڭ باشلىرى چامغۇردەك يەرگە تۆكۈلدى!..

بۇ ئەلۋەتتە رىۋايەت ھەم مۇبالىغە ئىدى. لېكىن ھازىر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى، ئىسلام ئېچىش يولىدىكى باتۇر، جاسارەتلىك ساھابى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئىشلەتكەن قىلىچى ئىدى. قىلىچنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردەك كېلەتتى، كەڭلىكى بىر سويام ئەتراپىدا بولۇپ، بىسى ھېلىغىچە پارقىراپ تۇراتتى. مەن بۇنىڭغا قاراپ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەققەتەنمۇ مەدداھلار تەرىپلىگەندەك، پالۋان قامەت، باھادىر، جەسۇر زات ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم!..

«جانان بۇيۇملار بۆلۈمى»دە، ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىدەك جۇلالىنىپ تۇرغان جانان چىنىقاچىلار بار ئىدى. بۇ بۇيۇملار ئۆز ۋاقتىدىكى جۇڭگو، تۈركىيە ۋە ياپونىيە خانلىقلىرىنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان سوۋغا - سالاملىرى بىلەن «يىپەك يولى» ئارقىلىق كەلگەن سوداتاۋارلىرى ئىدى. يوغان ئىككى ئۆيدىكى جاھازلارغا تىزىلغان يۈەن، مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى جانان چىنە، تەخسە ۋە ھەر خىل چەينەك، لوڭقىلار شۇنداق نەپىس، سىپتا ھەم رەڭدار ئىدى. مەن بۇ بۆلۈمنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى گويا ئىستانبولدا ئەمەس، جاڭنەندە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم!...

«گۈللۈك كەشتە بۇيۇملار بۆلۈمى»دە، ئىككى پارچە ئاددىي تاختاي كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتاتتى. ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تىلىنغان بۇ ئىككى پارچە تاختاي مەخسۇس ياسىلىپ، قىزىل دۇخاۋا بىلەن ئەستەرلەنگەن كۆركەم ساندۇقنىڭ ئىچىگە قويۇلغان بولۇپ، ھەر ئىككى پارچە تاختاينىڭ يۈزىدە ئاجايىپ بىر شەكىللىك ھەم خەتكە، ھەم گۈلگە ئوخشايدىغان بەلگىلەر بار ئىدى. تاختاينىڭ ئاپئاق يۈزىدىكى سۇس سارغۇچ بۇ بەلگىلەرگە زەڭ سېلىپ قارىسا كىشىنىڭ كۆز ئۆڭىدە خۇددى «بىسمىللاھى رەھمانىررەھىم» دېگەندەك ئوخشاش خەتلەر پەيدا بولاتتى. چۈشەندۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ تاختاي تۈركىيىگە ئافرىقىنىڭ ئابون دېگەن يېرىدىن ئەۋەتىلگەن ئىكەن. شۇ يەردە بىر خوجايىن دەرەخ كېسىپ، تاختاي تىلدۇرغاندا، يوغان بىر دەرەختىن تىلىنغان تاختايلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق بىر ئالامەت كۆرۈنگەن، ئۇلار تەبىئەتنىڭ كىشى تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان بۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىلىرى ئالدىدا ھەيران بولۇپ، بۇ تاختايلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن سىرلىق قاراپ، ئۇنى تۈركىيىگە ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىگە يالداما قىلىپ ئەۋەتكەن ئىكەن!..

بۇ بۆلۈمدە يەنە نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ 14 -، 15 - ئەسىرلەردە كىم تەرىپىدىن سىزىلغانلىقى نامەلۇم بولغان 64 پارچە ھەر خىل تېمىدىكى رەسىملىرى قويۇلغان ئىدى...

مەن ئۆز ۋاقتىدا شاھ ئوردىسى، ھازىر مۇزېي بولغان بۇ ھەشەمەتلىك، مەزمۇت، ئازادە سارايدىن قايتىپ چىققىنىمدا، ئۆزۈمنى گويا يىراق تارىخنىڭ قاتمۇ قات تىلسىماتلىرى ئىچىدىن بىردىنلا رېئال دۇنيانىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىرى ئىچىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم!..

## تۈركىيىنىڭ يۈرىكى

مەن بۇ يەردە، 127 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيۋەتلىك «ئاتا مۇنارى» ئۈستىدىن بۇ كاتتا

شەھەرگە نەزەر سالدىم. مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى، يېشىللىقى ۋە قايىنام - تاشقىنلىقى بىلەن نامايان بولغىنى - تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرە ئىدى.

مەن «ئاتا مۇنارى» ئۈستىدىكى رېستوراندا قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بۇ قەدىمكى ھەم ياش شەھەرنى قانغۇچە تاماشا قىلدىم. ئەنە، كۆككە بوي سوزغان سەپ - سەپ زامانىۋى ئىمارەتلەر؛ ئەنە، كونا ئورۇندا يالتىراپ تۇرغان ھەشەمەتلىك «ئىسلام خانىقاسى»؛ ئەنە، ھەر خىل كىيىم ۋە ھەر خىل چىرايدىكى تاماشىچىلار بىلەن جانلىنىپ كەتكەن كۆركەم سەيلىگاھ - «جۇمھۇرىيەت باغچىسى»؛ ئەنە، تاغ باغرىدىكى قارىغايلىققىچە سوزۇلغان قەۋەت - قەۋەت خىلۋەت ماكان... پۈتۈن شەھەر ئادەمگە گويا بىر تەرەپتىن، بوككىدە باغ ئىچىدە تۇرغاندەك يېشىللىق دۇنياسى بولۇپ كۆرۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، جىمى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئوخشاش ئىشلىتىلگەن قىزىل كاھىشلار بىلەن ئادەمگە بىر خىل قىزغىنلىق ۋە يۈكسەكلىك تۇيغۇسى بەخش ئېتەتتى.

ئاناتولىيە ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئەنقەرە دەرياسىنىڭ گۈزەل ۋادىسىغا جايلاشقان بۇ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ كۆركەم ۋە ئازادە ئىدى. گەرچە، ئۇنىڭ كوچا - رەستىلىرى ئېگىز - پەس ھەم ئويمان - چوڭقۇردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شەھەر قۇرۇلۇشى يەنىلا رەتلىك ھەم ئىدىتلىق ئىدى.

مەن بۇ شەھەردە تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ، يېرىم يالىڭاچ يۈرۈيدىغان «زامانىۋى» ئاياللارنىمۇ، كۆزىدىن باشقا يېرىنى ئوراپ - پۈركەپ، ئۆزىنى باقىي ئالەمنىڭ مەئىشەتلىرىگە ئاتىۋەتكەن رۇپاشلارنىمۇ كۆردۈم. شۇنداقلا، پوزۇر كىيىنىپ، مودا ئۇچۇن ھەممىشە تەسۋى سېرىپ يۈرۈيدىغان كاتتا زىيالىيلار بىلەنمۇ، تىرىكچىلىك كويىدا تەرلەپ - پىشىپ يۈرگەن، بازار - رەستىلەردە يايما يېيىپ كەچكىچە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرىدىغان ناتىۋان شەھەر پۇقرالىرى بىلەنمۇ ئۇچراشتىم.

ئەنقەرەدە قەدىمكى قەلئە ئىچىگە جايلاشقان «ئاناتولىيە مەدەنىيەت مۇزېيى» بار. بۇ يەر ئەسلىدە ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئەنقەرە شەھىرىنىڭ مېھمانخانىسى ۋە سودا سارىيى بولغان ئىكەن. كېيىن جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندا، قايتا رېمونت قىلىنىپ، مۇزېيغا ئۆزگەرتىلىپتۇ. بۇ مۇزېيدىكى بۇيۇملار ئاساسەن دەۋر تەرتىپى بويىچە قويۇلغان. بىرىنچى قىسمى، كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلار بولۇپ، ئۇ خىلمۇخىل ئىپتىدائىي تاش قوراللار بىلەن ھەيۋەتلىك تام سۈرەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىككىنچى قىسمى، يېڭى تاش قوراللار دەۋرى بىلەن برونزا قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەڭ قەدىمكى برونزا قوراللار بۆلۈمىگە بولسا، «بوئازكىن» دېگەن يەردىن قېزىۋېلىنغان ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ ھەيكىلى بىلەن خان جەمەتىنىڭ جەسەتلىرىگە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان بۇيۇملار قويۇلغان. تۆتىنچى قىسمىغا، پۈتۈنلەي مىلادىدىن بۇرۇنقى 18، — 19 - ئەسىرگە تەۋە ھىتىت خانلىقى دەۋرىدىكى ھەر خىل پۇللار، ھىتىت مىللىتىنىڭ يېزىقى ئويۇلغان ھەر خىل تاش ئابىدىلەر قويۇلغان. بۇنىڭدا مېنى ئالاھىدە ئۆزىگە جەلپ قىلغىنى، مىلادىدىن 1600 يىل بۇرۇن ياسالغان تۆت قولاقلىق، رەڭدار كوزا بولدى. بۇ ساپال كوزىدا توي مۇراسىم ئەھۋاللىرى — قىز بىلەن يىگىتنىڭ تونۇشۇش ۋاقتىدىن تارتىپ، توي كېچىسىدە بولىدىغان پىنھان، شېرىن پائالىيەتلەرگىچە رەسىم بىلەن شۇنچىلىك ئىنچىكە ۋە ئېنىق تەسۋىرلەنگەن ئىدى...

مەن بۇ مۇزېيدا ياش بىر چۈشەندۈرگۈچى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق، تۈركلەر «ئانادولۇ»، بىز «ئاناتولىيە» دەپ ئاتايدىغان بۇ جۇغراپىيىلىك ئىسمىنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادى 1096 ـ يىلىدىن 1270 ـ يىلىغىچە غەربىي ياۋروپادىكى خىرىستىئان مۇرتىلىرىنىڭ قۇددۇس شەرىف (ئېرۇسالىم)نى قايتۇرۇۋېلىش نامى ئاستىدا ئوتتۇرا شەرققە قارىتا بۇلاڭچىلىق نىيىتىدە ئېلىپ بارغان يەتتە قېتىملىق ئەھلى سەلىپ يۈرۈشلىرىنىڭ 2 ـ قېتىمىقىسىدا، كىچىك ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن ئەھلى سەلىپچىلەرگە قارشى سالجۇق تۈركلىرى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئۇلار ئالدىنقى سەپكە ماڭىدىغان چاغدا ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يول بويىغا چىقىپ ئۇلارنى ئۇزاتقان ۋە ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن قېتىق تۇتقان. شۇ چاغدا، بىر تۈرك ئەسكىرى ئانىسى قېتىق قۇيۇپ بېرىۋاتقاندا، قولىدىكى قاچىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئانىسىغا مۇنداق دېگەن: «ئانا، دولدۇرا» («ئانا، تولدۇرۇپ قۇي!») مانا، شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى (ھازىرقى تۈركىيىنىڭ ئاسىيا قىسمى)نىڭ نامى تۈركچە «ئانادولۇ» بولۇپ قالغان!

قىسقىسى، مەن «ئاناتولىيە مەدەنىيەت مۇزېيى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق، ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدا ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ، دۇنيا بويىچە تۇنجى ئالتۇن پۇل ئىجاد قىلىنغان دەۋرلەرگىچە بولغان ئۇزاق ھەم شانلىق تارىختىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولدۇم. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇ قىممەتلىك ئاسار ـ ئەتىقىلەر شۇ زاماننىڭ تەرەققىي تاپقان ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى!

## «ئۆرۈك بايرىمى» تەسىراتى

مالاتىيە ـ تۈركىيىنىڭ خېلى قەدىمكى ھەم تەرەققىي تاپقان ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرى. بۇ يەر يەنە ھازىرقى زۆڭتۇڭ تۇرغۇت ئوزالنىڭ يۇرتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاق رەختلەرگە سىزىلغان يوغان رەسىملىرى ئېگىز بىنالارنىڭ تاملىرىغا ئېسىلغان.

مالاتىيىدە، ھەر يىلى 22 ـ ئىيۇل كۈنى ئەنئەنىۋى «ئۆرۈك بايرىمى» ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بايرام ئۈچ كۈن بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنى ئالاھىدە داغدۇغا ۋە شاد ـ خۇراملىق قاپلايدىكەن.

بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنى كەچتە، مالاتىيە شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا كاتتا سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭغا ئەنقەرەدىن كەلگەن ناخشا ـ ئۇسسۇل چولپانلىرى بىلەن بىللە قوشنا ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىن مەخسۇس «ئۆرۈك بايرىمى» ئۈچۈن تەييارلانغان سەنئەت نومۇرلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئارتىسلار قاتناشتى. كەڭ ۋە يۇمىلاق تەنتەربىيە مەيدانى شادىمان تاماشىبىنلار بىلەن تولغان ئىدى، ھەممە يەر ئېلېكتىر نۇرىدا يوپيورۇق چاراقلاپ تۇراتتى. ئويۇن قويۇش ئۈچۈن ئەپچىللىكىنە ياسالغان سەھنىدە ئالدى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى، مىللىي خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ئورۇندالدى. ياش ئوغۇل ـ قىز ئارتىسلار «شانلىق ئورپا»، «جورا» قاتارلىق ئۇسسۇللۇق ناخشىلار بىلەن «ئوت ئۇسسۇلى»، «ھالاي ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللارنى ئورۇندىغاندا، پۈتۈن مەيدان داۋالغۇپ، ئالقىش سادالىرى كۆككە يەتتى. مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگىنى، 18 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ياش تاماشىبىنلارنىڭ بۇنداق ئەنئەنىۋى، مىللىي خەلق سەنئىتىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى، مۇھەببىتى ۋە قىزغىن ئالقىشى بولدى. ئۇلار ئىختىيارسىز ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئارتىسلارغا تەڭ ـ كەش بولۇپ ناخشىغا قوشۇلاتتى ۋە بۇ ناخشىلارنى ھەيۋەتلىك ئومۇمىي خورغا ئايلاندۇراتتى. ئۇسسۇل ئوينالغاندىمۇ، ئۇلار

ساز رىتىمىغا ئەگىشىپ، قول ۋە بەدەنلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەيداننى گويا كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك بىر خىل شادىيانە، جۇشقۇن تۈسكە كىرگۈزەتتى.

## تاغلىق يېزىغا سەپەر

مەن تۈركىيىدە ئىستانبۇل، ئەنقەرە قاتارلىق چوڭ، زامانىۋى شەھەرلەردىن باشقا، مالاتىيە، دىيارباكىر، دۇئانشەھەر، قەھرىمان ماراش قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيە ۋە تاغلىق يېزىلارنىمۇ زىيارەت قىلدىم. بۇ يەرلەر ئىستانبۇلدىن 1400 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولسىمۇ، لېكىن قاتناشنىڭ راۋانلىقى بىلەن بۇ يەرلەر يولۇچىلارغا ھېچقانچە يىراق ۋە جاپالىق بىلىنمەيدىكەن. تۈركىيىدە قاتناش-ئەقلىيات ئىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ تەرەققىي قىلغان ئىكەن. چوڭ - كىچىك يوللارنىڭ ھەممىسىگە قاراماي ياتقۇزۇلغان، تۈز ۋە سىلىق. ئۇزۇن يوللۇق ماشىنىلارنىڭمۇ ھەممىسى تېز سۈرئەتلىك، يېڭى، زامانىۋى ماشىنىلار ئىكەن. بۇ يەردە ماشىنىلارنىڭ قاتناش ۋاقتى كۈن بىلەن ئەمەس، سائەت بىلەن ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار بەلگىلەنگەن ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزىدە يولغا چىقىپ كېچە - كۈندۈز ماڭىدىكەن. ھەر بىر ماشىنىدا ئىككىدىن شوپۇر، بىردىن كۈتكۈچى بولىدىكەن. كۈتكۈچىلەر يولۇچىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا، يۈز - قوللاردىكى تەر پۇراقلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەتىر سۈيى، ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن ھەر خىل سوغۇق ئىچىملىك، قورساق ئاچقاندا، بولكا - پېچىنىلەرنى بېرىپ تۇرىدىكەن. يولۇچىلار ئۇيقۇسى كەلسە، ئورۇندۇقنى ئارقىغا ياتقۇزۇپ بەخىرامان ئۇخلايدىكەن. ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەتلەردىكى قاتناش شىركەتلىرى يولۇچىلارنى تالىشىش ئۈچۈن، مەخسۇس خادىملار ئارقىلىق ئۆز شىركىتىنىڭ ماشىنا سۈپىتىنى ۋە كۈتۈش ئەھۋالىنى يولۇچىلارغا بەس - بەستە تەشۋىق قىلىدىكەن. شۇڭا، ئوخشاش مەنزىلنىڭ بېلەت باھاسى ئوخشاش بولمايدىكەن. تۈركىيىدىكى ئۇزۇن يوللۇق سەپەر تۇرمۇشىدا مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتقىنى، ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل تەبىقىدىكى يولۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ئىناق، مۇلايىم ۋە ئەدەبلىك ئىكەنلىكى بولدى. ماشىنىلاردا ياكى يول ئۈستى بېكەتلىرىدە بىرەر ئادەمنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىنى ياكى قىزىرىشىپ قالغىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ماشىنا ئىچى تىنچ، ئازادە ئىدى، كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن سۆزلەشسىمۇ، باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى. بۇنداق سەپەرلەردە، ئاياللارغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈلىدىكەن. ئەگەر ئۇلار يالغۇز بولسا، ناتونۇش ئەر كىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرمايدىكەن، ئىككى كىشىلىك ئورۇندا ئاشۇ ئايال يالغۇز ئولتۇرۇپ ماڭىدىكەن.

مەن «ئۆرۈك بايرىمى» ھارپىسىدا ئىستانبۇلدىن كەچتە يولغا چىقىپ، 1300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مالاتىيىگە 18 سائەتتە يېتىپ كەلدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ يەردىن يەنە شۇنداق تېز ۋە ئازادە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دۇئانشەھەرگە كەلدىم.

دۇئانشەھەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 66 - يىللار بىلەن مىلادىيىدىن كېيىنكى 395 - يىللار ئارىسىدىكى رۇم ئىمپېراتورلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان تاغلىق ناھىيە بولۇپ، ھازىرقى نوپۇسى 60 مىڭدىن ئارتۇق. ناھىيىدە سۇكۇت، بىجاقچى، ئالتۇن توپ، كۆچكۈلۈ قاتارلىق 36 يېزا - كەنت بار. ناھىيە بازىرىنىڭ نوپۇسى 15 مىڭدىن ئارتۇق. بۇ يەرنىڭ تۈزلەڭلىكلىرى، تاغلىرى، ئېتىز - ئېرىقلىرى ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. بۇغداي، قوناقنى بىنامىغىلا تېرىيدىكەن. بۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى يېرىم ماشىنىلاشقان بولۇپ، 40% ئەتراپىدىكى دېھقانىنىڭ تراكتور، كومبايىن ۋە يۈك ماشىنىلىرى بار ئىكەن. تاغلىق يېزىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئېلېكتىرلەشكەن. شۇڭا، بۇ يەردىكى بەزى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە تېلېفون بار ئىكەن.

مەن بۇ يەردىكى دېھقان ۋە تۈگمەنچى قاتارلىقلارنىڭ ئۆيىدە بىللە تاماق يېدىم. تۈركلەر مەيلى شەھەر ۋە يېزىلاردا بولسۇن ئوخشاش قېلىپتا تاماق يەيدىكەن. ئۇلاردا ئۇن تاماقى ئاساسەن يوق ھېسابىدا بولۇپ، كۈندە بىر ۋاق شورپا(سۈيۇقئاش) ئىچىدىكەن. كۆپ ھاللاردا پاتلىجان (چەيزە)، بىبەر (لازا)، دوماتىست (شوخلا) لارنىڭ ئىچىگە گۈرۈچ، گۆش، سامساق، فىنىنە كۆكى، قارامۇچ قاتارلىقلارنى سېلىپ، دۈملەپ پىشۇرۇپ يەيدىكەن. بۇلارنىڭ ھەر قانداق تامىقىدا سالاتا (خام سەي) بىلەن يوئورت (قېتىق) كەم بولمايدىكەن.

مەن دۈئانشەھەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا بۇ يەردىكى زىيالىيلار ۋە «تۈركىيە گېزىتى» نىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن تونۇشتۇم. بىر كۈنى ئۇلار مېنى ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى پاركقا (باغچىغا) باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى ۋە مەندىن تۈركىيىنىڭ قايسى يازغۇچىلىرىنى بىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا سورىدى. مەن ئۇلارغا ياشار كامال بىلەن ساباھىددىن ئەلىنىڭ «مەمەت ئاۋاق»، «يېتىم يۇسۇپ» قاتارلىق رومانلىرى توغرىسىدا سۆزلىگىنىمدە، ئۇلار بۇنىڭغا قىزىقتى ۋە بۇ يازغۇچىلارنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى توغرىسىدا سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۆزۈم ھېس قىلغان بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە بۇ كىتابلارنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ خېلى قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار ياشار كامالنى ئالاھىدە چوڭ بىلىدىكەن، ئۇنى «ھەقىقىي خەلقپەرۋەر يازغۇچى» دەپ قارايدىكەن. ئېھتىمال، بۇ ياشار كامالنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئورنى ھەم تۈركلەرنى دۇنياغا تونۇتقان ھازىرقى زامان يازغۇچىسى بولغانلىقىدىندۇر!...

دۈئانشەھەردە، ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغىنى، جۆڭگونىڭ كۈمۈش يىڭنىسىنىڭ بۇ يەردىكى ئاجايىپ شىپالىق خاسىيىتى بولدى. تۈركىيىدە ماكانلىشىپ قالغان قەشقەرلىق تۇرغۇن دېگەن دوختۇر جۆڭگونىڭ كۈمۈش يىڭنىسى بىلەن بۇ ئەتراپتا خېلى چوڭ تەسىر قوزغاپتۇ. ئۇنى كىشىلەر ۋىلايەتتىن - ۋىلايەتكە، ناھىيىدىن - ناھىيىگە تەكلىپ قىلىپ داۋالىنىدىكەن. دوختۇرمۇ چاقىرغانغا بىر سەييارە داۋالاش پونكىتى قۇرۇپ، تۈرك، كۇرت قاتارلىق بىمارلارنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر سايمىنىمۇ، دورىسىمۇ، دەسمايىسىمۇ ئاشۇ پارقىراپ تۇرىدىغان كۈمۈش يىڭنە ئىكەن. مەن ئۇنىڭ قولىدا ساقايغان قاسىم ئابى دېگەن بىر كۇرت تۈگمەنچى بىلەن ئەھۋاللاشتىم. 60 ياشتىن ھالقىغان، قاتاڭغۇ، ۋىجىك بۇ ئادەم يېرىم پالەچ بولۇپ، پۈتۈنلەي يېتىپ قالغان ئىكەن. دوختۇر ئۇنى بىر مەزگىل يىڭنە ۋە قوشۇمچە دورىلار بىلەن داۋالاش ئارقىلىق سەللىمازا ساقايتىپتۇ. ھازىر بۇ تۈگمەنچى رەسمىي ئىشقا چۈشۈپ، كۈندە يېرىم كۈن توك تۈگمىنىنى باشقۇرىدىكەن. دوختۇر ھازىر ئۇنىڭ تاختايلىق ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ كېسەل داۋالاۋېتىپتۇ. ئۇندىن باشقا، كۈمۈش يىڭنە يەنە، ئون نەچچە يىل تۇغمىغان ئاياللارنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. يىڭنىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئىككى ئايال يېقىندا ھامىلدار بوپتۇ. مانا بۇ مۆجىزىلىك خەۋەرلەر ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى جايلارغا تارقىلىپ، جۆڭگونىڭ كۈمۈش يىڭنىسىدىكى سىر - ھېكمەت كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپتۇ.

ھازىر بۇ دوختۇر شۇنداق ئالدىراشكى، ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن كەچ سائەت 12 گىچە ئىشلەپمۇ كېسەللەرنى داۋالاپ ئۈلگۈرەلمەيدىكەن.

مەن بۇ دوختۇرنىڭ داڭقىنى چىقارغان، تۈرك ۋە كۇرتلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئۇلارغا ھايات لەززىتىنى تېتىتقان جۆڭگونىڭ كۈمۈش يىڭنىسىگە ۋە ئۇنى ئىجاد قىلغان ئەقىللىق، دانا ئەجدادلارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر، ئاپىرىن ئوقۇدۇم! ...

مەن بۇ تاغلىق ناھىيىدە بىر مۇساپىر بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ، ۋەتەن - يۇرت مۇھەببىتى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئەمەلىي تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. ئۇ 20 نەچچە ياشلىق، ئاق پوسمىلاق بىر يىگىت ئىدى. بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن، ئۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن قاغىلىقتىن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، قايتىش ۋاقتىدا پاكىستاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن يەنە، جاھان كۆرۈش ھەۋىسى بىلەن تۈركىيىگە كەپتۇ. بۇ يەردىمۇ بىرنەچچە ئاي ۋاقىت ئويۇن - تاماشا بىلەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ ۋەتەنگە قايتىش نىيىتى ئۆزگىرىپ، ئاخىر شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ. ھازىر ئۇ سودىگەرلەرنىڭ ھەرخىل ماللىرىنى يىراق - يېقىندا سۇ قىلىپ بېرىپ، تاپان ھەققى ئېلىش بىلەن جان باقىدىكەن. ئۇ، مېنىڭ: «كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟ بۇ يەر ياخشىمىكەن؟» دېگەن تۇنجى سوئالىمغا بىر خىل ئىچكى ئازاب ۋە ھەسرەت بىلەن: «نېمىسىنى دەيسىز، ئەپەندىم! ياشلىقتا كەپقاپتۇق، ئەمدى يا ئۇياققا، يابۇياققا ئۆتەلمەي، ئارا يولنىڭ توغۇمىدا قالغان مۇساپىر بولۇپ قالدۇق!...» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ تېخىچە تۈركىيە پۇقراسى بولالمايۋاتقانلىقىنى، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە نۇرغۇن پۇل خەجلەپمۇ رەسمىيەت ئۆتىيەلمەيۋاتقانلىقىنى زەردە بىلەن سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا: «ئاتا - بوۋىلىرىمىز بەكمۇ دانا ئىكەن، ئۇلار ھەممە يەرگە بېرىپ، ھەممىنى كۆرۈپ، ئاخىرىدا ‹تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز› دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرۇپتىكەن. خۇدايىم ئادەم تۇغۇل، جان - جانىۋارلارنىمۇ ئۆز ئۇۋىسىدىن ئايرىمىسۇن! قارىمامسىز، ئەپەندىم، مەن مۇشۇنداق ئاچچىق يۇتۇپ يۈرسەم، بۇ يىل يۇرتىمىزدىن ھەجگە بارغان بىرنەچچە ياش باللار بۇ يەرگە كېلىپ، بىزمۇ تۈركىيىدە قالىمىز، ياردەم قىل دەۋاتىدۇ. مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ بېرىپ، ‹كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىدا ئۇلتاڭ بول› دېگەن گەپ بار. مۇساپىرچىلىق، غېرىبلىق مەن بىلەنلا كەتسۇن، يۇرتقا قايتىپ كېتىڭلار، يۇرتىمىز بۇ يەرگە قارىغاندا نامراتراق بولسىمۇ، لېكىن قۇچىقى كەڭرى، مېھرى ئىسسىق! دەپ قايتۇرۇۋەتتىم» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. مەن ياشلىق ھەۋىسىگە بېرىلىپ، بىر مەزگىل قىزىقىپ، تېڭىرقاپ، ئاخىر پۇشايمان يەپ قالغان بۇ يىگىتنىڭ ئاددىي، لېكىن مەنىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندىم. ئۇنىڭ سۆزىدە بىر ھەقىقەت — دۇنيادا يۈزلىگەن دۆلەت، مىڭلىغان مىللەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ تۇغقان ئانىسى بىلەن ئۆستۈرگەن ۋەتىنىنىڭ پەقەت بىرلا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك بىر ھەقىقەت بار ئىدى! شۇنداق، خۇددى دەل - دەرەخلەر ئۆزىنىڭ ئۇرۇقى چۈشكەن يەردە يىلتىز تارتىپ، ۋايىغا يەتكەندەك، ئادەممۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن جانجان يېرىدە يىلتىز تارتىدۇ، شاخلايدۇ، باراقسانلايدۇ! ھەرقانداق بىر ئادەم باللىسى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىنى زادى كۆڭلىدىن چىقىرالمايدۇ.

مەن بۇ يىگىت بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغان ۋاقتىمدا، خىيال ئېكرانىمدا قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئوقۇغان «ۋەتەن تۇپرىقى ئالتۇن» دېگەن بىر چەتئەل چۆچىكى لىپپىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە ھېكايە قىلىنغان ئىدى: «بۇرۇنىسىدا ياۋروپالىق ئىككى ئالىم ئېفوپىيىگە ئىلمىي تەكشۈرۈشكە بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، يول باشلاشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

بۇ ئىككى ئالىم مەلۇم ۋاقىت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، مەملىكىتىگە قايتماقچى بوپتۇ. ئۇلار پاراخوتقا چىقىش ئالدىدا پادىشاھ ياساۋۇللار بېگىدىن قىممەت باھالىق سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتىپتۇ. ياساۋۇللار بېگى ئۇلارغا سوۋغا - سالاملارنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئاياغ كىيىمىنى سالدۇرۇپتۇ ۋە ئاياغلارنىڭ چەمىدىكى

لاي - تولپىلارنى پاك - پاكىزە تازىلاپ بولۇپ قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش ئالىملارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

ياساۋۇللار بېگى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھىمىز سىلەرگە ئاقيول تىلىدى. سىلەر ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ۋەتىنىمىزگە كېلىپ، ئېلىمىزنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. بىز ۋەتەن زېمىنىنى ئىنتايىن قەدىرلەيمىز، بۇ زېمىندا تېرىقچىلىق قىلىمىز، ھەرخىل چارۋىلارنى باقىمىز، ھېرىپ - چارچىساق يېتىپ ئارام ئالىمىز. بۇ زېمىنغا ئاتا - بوۋىلىرىمىز كۆمۈلگەن، سىلەر ئېگىز تاغلاردا، چوڭقۇر جىلغىلاردا، كەڭ تۈزلەڭلىك ۋە ئورمانلىقلاردا كۆرگەن ئاشۇ يوللاردا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىزى ھەم بىزنىڭ ئىزىمىز بار، ئەۋلادلىرىمىزنىڭمۇ ئىزى بولىدۇ! ئېفوپىيىنىڭ تۇپرىقى — بىزنىڭ ئاتىمىز، ئانىمىز ۋە قېرىنداشىمىز. بىز سىلەرنىڭ ھۆرمىتىڭلارنى قىلىپ، قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدۇق، بىراق ئېفوپىيىنىڭ تۇپرىقى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك — بىباھا بولغاچقا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن زەررىچىلىكمۇ — ئايىغىڭلارغا يېپىشقان چاڭ - توزانلىرىنىمۇ بېرەلمەيمىز!...»

بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەر روھ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىمۇ ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن:

«بۇ كېچە بىر چۈش كۆرۈپ، چۈشتى تېنىمگە ئىشتىياق،
ئانا يۇرتنى كۆرمىسەم، تەركىي ھايات بەك ئار ئىكەن.
ئول خۇدا بەرسە مەدەت، ئاتامنى مەن ئىزدەپ تاپاي،
يۇرتى بارلارغا ھامان رەنا سۈپەتلەر يار ئىكەن.
ئىسفىھان.شەھىرىدىم ئارا رۇخسەت قىلىڭ قايتاي بۈگۈن،
ئەل سۆيەر ئوغلانغا يات يۇرت جەننىتى ھەم تار ئىكەن!»

شۇنداق، ۋەتەن - يۇرتنىڭ تۇپرىقى ئالتۇن بۆشۈك، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ قەدىردان تۇپراق بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا، تېخىمۇ ئالىيجاناب، تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولىدۇ!

## قەھرىمان ماراش

بۇ يەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى — چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى شانلىق كۈرەش تارىخى ۋە دىنىي ئەقىدىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن باشقا يەرلەردىن ئۆزگىچە پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ئازادە، رەتلىك كوچىلىرىدا ھەرگىزمۇ ئەنقەرە، ئىستانبولدىكىدەك يېرىم يالىڭاچ يۈرگەن ئاياللارنى، چىرايلىق، سالقىن باغچىلىرىدا قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ يۈرگەن «زامانىۋى» قىز - يىگىتلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۆزىگە خاس ئەقىدە ۋە ئۆزىگە خاس تۇرمۇش رىتىمى بىلەن بىر خىل سالماق، تەمكىن ۋە خىرامانلىق ئىچىدە ياشايتتى.

مەن بۇ يەرگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان كىچىك، لېكىن تارىخىي ئەھمىيەتلىك قىبرىس مەيدانىغا كەلدىم. بۇ يەردىكى ئۈچ بۇرجەكلىك گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خاتىرە مۇنارىسى ۋە مۇنارنىڭ بىر تەرىپىدە ئاتا تۈرك — مۇستاپا كامالنىڭ ھەيكىلى، يەنە بىر تەرىپىدە، قولىدا تاپانچا تۇتقان بىر سۈتچى ئىمامنىڭ ھەيكىلى، ئۈچىنچىسى

تەرىپىدە بولسا، ئىككى پەقەر ئايالنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. ئاياللارنىڭ بىرسىنىڭ ھەيكىلىگە يەنە مۇنداق بىر كۆرۈنۈش — ئۇنىڭ رومىلىغا ئېسىلغان ھالدا يەردە سوزۇلۇپ ياتقان بىر فرانسۇز ئەسكىرىنىڭ كۆرۈنۈشى قوشۇپ قاتۇرۇلغان ئىدى.

بۇ مۇنار ۋە ھەيكەل تۈركىيىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مۇنداق بىر رىئال ۋەقەنىڭ شاھىدى ھەم خاتىرىسى ئىكەن:

1919 - يىلى 11 - ئاينىڭ مەلۇم بىر جۈمە كۈنى، ماراشلىق ئاياللار ھاممامغا چۈشىدىغان يەردە بىر فرانسۇز ئەسكەر يېڭىلا ھاممامدىن چىققان ياش بىر چوكاننىڭ رومىلىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىپ يامان نىيەتتە بولماقچى بولىدۇ. بۇ نومۇسلۇق ئەھۋالنى بىر چەتتە سۈت سېتىپ ئولتۇرغان بىر ئادەم كۆرۈپ، تاقەت قىلالماي تۇرالمايدۇ-دە، قوينىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ ئاجىز ھەمشىرىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، فرانسۇز ئەسكەرنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلايدۇ ۋە دەرھال جامائەت توپلانغان چوڭ جامەگە كىرىپ، مېھرابقا چىقىپ، جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان خەلققە مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ:

«جامائەت، خالايىق! ۋاقىت بولۇپلا ركى، دۈشمەننىڭ مۇستەملىكە بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان، باسقۇنچىلار قىز - ئاياللىرىمىزنى دەپسەندە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا جۈمە نامىزى ئوقۇساق ھەرگىزمۇ خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ! ئاۋۋال دۈشمەننى يوقىتىپ، پاك تۇپرىقىمىز ماراشنىڭ چېكىسىگە تۈرك بايرىقىنى قاداپ، ئاندىن جۈمە نامىزىنى ئوقۇساق خۇدامۇ، خەلقمۇ راۋا كۆرىدۇ!»

شۇنىڭ بىلەن چوڭ جامەدىكى پۈتۈن جامائەت، ئاندىن پۈتۈن شەھەردىكى خەلق قوزغىلىپ فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ ۋە توختىماي كۈرەش قىلىپ 1920 - يىلى شۇبات ئېيى (يانۋار) دا پۈتۈن ماراش بويىچە غەلىبە قىلىپتۇ. خەلق ھېلىقى ئاددىي سۈتچىگە «سۈتچى ئىمام» دېگەن ھۆرمەتلىك نامنى، مۇستاپا كامال بولسا، ماراشقا «قەھرىمان ماراش» دېگەن شانلىق نامنى بېرىپتۇ!

مانا بۇ كىچىككىنە، ئەمما تەسىرلىك ۋەقە خەلقنىڭ تارىخنى ياراتقۇچى قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا، خورلۇققا قارشى كۈرىشىنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھامان خەلق تەرىپىدىن شەرمەندىلەرچە مەغلۇب بولىدىغانلىقىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ!

قەھرىمان ماراشتا، مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغىنى ۋە ھەيران قالدۇرغىنى، ھاجى بىلال ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ مۆجىزىلىك بۇرۇتى بولدى. بۇ ئادەم قاپقارا بۇرۇتىنى مايلاپ، پاتلاپ، ئاق كۆڭلىكى ئۈستىگە ئالتۇن زەرلەر بىلەن كەشتە توقۇلغان قىپقىزىل قىسقا كەمزۇلنى كىيىپ، چۇچىلىق ئاق بەلبېغىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى تاپانچىسىنى قىستۇرۇپ، سىز بىلەن كۆرۈشكەندە، كۆز ئالدىڭىزدا گويا قەدىمكى زاماننىڭ ئىلاھىيلاشقان چەۋەندازى ياكى چۆچەك رىۋايەتلىرىدىكى خىيالىي قەھرىماندەك كارامەت بىر ئوبراز پەيدا بولغاندەك بولىدۇ. چۈنكى، ئەڭ ئالدى بىلەن ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغىنى ۋە ھەيران قىلىدىغىنى بۇ ئادەمنىڭ قاپقارا، ئۇزۇن بۇرۇتى! ئۇزۇن دېگەندە، ئادەتتىكى ئۇزۇن — شاپ بۇرۇت ئەمەس، بەلكى بىر تەرىپى 40 سانتىمېتىر، ئىككى تەرىپىنى قوشقاندا 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۇزۇن ۋە ھەيۋەتلىك بۇرۇت. مۇبادا، سىز بۇ گەپكە ئىشەنمىسىڭىز، بۇ بۇرۇتنىڭ ئىگىسى ھاجى بىلالنىڭ ھەر قېتىم ئۆيگە كىرىپ - چىققاندا، بۇرۇتىنىڭ كېشەككە تاقىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يانتۇ ماڭىدىغانلىقىنى كۆرسىڭىز، بەلكىم ئىشىنىپ قالارسىز! بۇ تېخى دۇنيا بويىچە 2 - دەرىجىلىك بۇرۇت ئىكەن.

1 - دەرىجىلىك بۇرۇتىنىڭ ئىگىسىمۇ مانا مۇشۇ ماراشلىق تۈرك بولۇپ، ئۇ ھازىر گېرمانىيىدە ئىكەن. ئۇنىڭ بۇرۇتى بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولغاچقا، بىرەر خەۋپ - خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بۇرۇتىنىڭ ھەر ئايلىقىنى 200 ماركىتىن ئىستراخۋانىيە قىلدۇرۇپتۇ...

## ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇقەددەس تاۋابگاھ

مانا بۇ يەر دۇنيا مۇسۇلمانلىرى تاۋاب قىلىدىغان مۇقەددەس جاي — مەككە، قۇياش ئوت چاچرىتىپ تۇرىدىغان ئاتەش زېمىن!

گىياھسىز تاغ ئارىسىدا جىمىرلاپ تۇرغان بۇ قەدىمكي شەھەر كىشىگە گويا رىۋايەتلەردىكى بىر كېچىدىلا چۆل - جەزىرىدە پەيدا بولۇپ قالغان سىرلىق ئوردا - قەسىرلەردەك بىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ زامانىۋى شەھەرنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت پۈتۈنلەي كۆيۈك تاغ، قاقاس چۆل، پايانسىز جەزىرە! بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى يېلىنجاپ تۇرغان ئوت، بۇ يەردە كىچىككىنە يېشىللىق، كىچىككىنە سۇ ئادەمگە تۇتىيادەك، ھاياتلىقنىڭ، ئۈمىدنىڭ، ياشاشنىڭ بەلگىسىدەك مۆجىزىلىك كۆرۈنىدۇ!..

لېكىن، ھازىر بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلق ئىلىم - پەننىڭ شاراپىتىدىن خېلى ھوزۇرلۇق ياشايدۇ، سىرتتا ئادەمنىڭ مېڭىسى قاينىغۇدەك ئىسسىق بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق ئۆيگە كىرسە سالقىن، سوغۇق، راھەتلىك. ئادەمگە گويا بىر نەچچە مېتىر ئارىلىقتىكى تالا بىلەن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەسىل پەرقى باردەك سېزىلىدۇ!

مەن قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە كېلىپ، 100 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىللە بۇ يىلقى ھەج پائالىيىتىگە قاتناشتىم.

مانا بۇ يەر ھېجرىيىنىڭ ھەر يىلقى زۇلھەججە ئېيىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى بىرلا ۋاقىتتا نامايان قىلىدىغان كاتتا سورۇنى. ئۇلار ئۆز ئېتىقادى يولىدا ناھايىتى جەسۇر ۋە مەردانە بولىدۇ، 50 گرادۇسلۇق لاپ - لاپ ئىسسىق ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئۇلارنى بوشاشتۇرالمايدۇ! بەش قىتئەدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن بۇ مۇسۇلمانلار بۇ يەرگە كېلىپلا، ئوخشاشمىغان تىللاردا ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق چوڭقۇر ئەقىدە بىلەن: «ئاللا! ئاللا!» دەپ، خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ ۋە تەۋۋا - ئىستىغبار ئېيتىدۇ. ئۇلار ئوقۇغان ھەمدۇسانا-خۇداغا بولغان تەبىئىي چوقۇنۇشتىن بولسا، تەۋۋا - ئىستىغبار - كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسەللىيسى، كۆڭۈلنى روشەنلەشتۈرۈشى ۋە روھىي جەھەتتە يەڭگىللەپ، تېخىمۇ ياخشىراق ياشىشى ئۈچۈندۇر!

ھەج تاۋاب قىلغۇچىلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنىدىن بۇرۇن مانا شۇ مۇقەددەس شەھەر مەككىگە كېلىپ بولۇشى كېرەك. ئۇلار بۇ يەرگە قەدەم قويۇپلا، مەسجىدىل ھەرەمگە تاۋاب قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بەيتۇللانى دەۋر قىلىپ، يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. بۇ جەريانىدا، بىر پارچە قارا ساماۋى تاش - ھەجەر ئەسۋەدنى بۆسە قىلىشقا مۇيەسسەر بولالىغانلار ئەڭ بەختلىك ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تۆت چاسا قەدىمكي ئىمارەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس تاۋابگاھى «بەيتۇللا» بولۇپ، ئەسلى ئىسمى «كەئبە». بەيتۇللا مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى، تاۋاب قىلىدىغان كەئبىسى. بۇ توغرىدا قۇرئاندا مۇنداق ئايەتلەر يېزىلغان: «ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر

باركى، ماقامى ئىبراھىم ① شۇلارنىڭ بىرى. بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ، قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللا ئۈچۈن، كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى» (سۈرە ئال ئىمران، 96 ـ، 97 ـ بەتلەرنىڭ بىر قىسمى). رىۋايەت قىلىنىشىچە، كەئبىنى بىنا قىلىش ئۈچۈن، خۇدادىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلگەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى قەيەرگە بىنا قىلىمەن، دەپ مۇراجىئەت قىلغاندا، خۇدا بىر پارچە ئاق بۇلۇتقا ئەمر قىلغان، ئاق بۇلۇت زېمىنغا سايە چۈشۈرگەن، خۇدا ئىبراھىمغا: كەئبىنى مۇشۇ بۇلۇتنىڭ سايىسى چۈشكەن يەرگە بىنا قىل، چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ شۇ سايە بىلەن باراۋەر بولسۇن، كەئبىنىڭ تېمىنى تۇرسىنا، تۇرزىيا، كوھى سەبرىلىبانان، كوھى جودى، كوھى ئەبۇقۇبەيس دېگەن بەش تاغدىن تاش ئېلىپ سال، دەپ پەرمان بەرگەن!

بۇ بەش تاغدىن تاش ئېلىپ كېلىشنىڭ ھېكمىتى شۇكى، كەئبىنى تاۋاب قىلغان كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى بەش تاغنىڭ ئېغىرلىقىچىلىك بولسىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ ۋە يەنە شۇ كىشىگە ئاشۇ بەش تاغنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ كەلگۈدەك ساۋابلىق يېزىلىدۇ دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

شۇنداق قىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى كەئبىنى بىنا قىلدى، بۇ، تۆت چاسا ئۆي بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 مېتىر كېلەتتى. ئۇنىڭ تېمىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە بىر پارچە قارا مېتورىت تاش ئورنىتىلغان بولۇپ، «ھەجەر ئەسۋەد» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مۇقەددەس تاشمۇ ئاشۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۇكىدۇر.

ئەگەر سىز، ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ بىرەرسىگە چىقىپ، پەسكە نەزەر سالسىڭىز، مەسچىدىل ھەرەم گويا نۇرغۇن تاغ تىزمىلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بىر پارچە نەقىشلىك يەردەك، ئۇنىڭ مەركىزىدىكى بەيتۇللا بولسا، بەئەينى ئاسماندىن ساقىپ چۈشكەن تۆت چاسا قارا ئۆيۈلتاشتەك كۆرۈنىدۇ.

مەسچىدىل ھەرەمنىڭ تۆت ئەتراپىغا بىر ھەپتە يەتتە كۈن بولىدىغانلىقىغا سىمۋول قىلىپ يەتتە ئېگىز مۇنار ياسالغان. مەسچىدىل ھەرەم ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق جەۋھىرى، ئىسلا-مىيەت مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ قىممەتلىك مەھسۇلى سۈپىتىدە، ئەسىرلەردىن بېرى قەدىرلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، دەرۋازا يۈزىگە ئىسلامىيەت نەققاشچى-لىقىنىڭ دۇردانىسى سۈپىتىدە ھەرخىل نازۇك ۋە نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغان...

مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان تاۋابچىلار «ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىپ، خۇددى ئۆركەش-لەۋاتقان ئەزىم دەريادەك تەۋرىنىپ، مەسچىدىل ھەرەمنىڭ مەركىزىدىكى سەيناغا قاراپ ئاقىدۇ ۋە پەلەككە يەتكەن ھەمدۇسانا سادالىرى بىلەن بەيتۇللانى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ. كۆچلۈكلەر تۇرتۇپ، قىستىلىپ يۈرۈپ، ھەجەر ئەسۋەد تېشىنى بۆسە قىلىش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىدۇ، كەئبىنىڭ ئۈستىدىكى كەشتىلەنگەن قارا يوپۇققا ئېسىلماقچى بولىدۇ!

تاۋابچىلار بەيتۇللانى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىدىكى سافا بىلەن مەرۋەدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك تاغ ئارىلىقىدا يەنە يەتتە قېتىم يۈگۈرەيدۇ. بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسا-لامنىڭ كىچىك خوتۇنى بۇۋى ھەجەرنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا سۇ ئىزدەپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرگەن مۇساپىسى بولۇپ، ھەج تاۋاب قىلغۇچىلار بۇ يۈگۈرۈشنىمۇ ئىخلاس بىلەن بىجا كەلتۈرۈشى كېرەك. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇۋى

---

① ماقامى ئىبراھىم ــ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنى سېلىۋاتقاندا دەسسەپ تۇرغان جايى. بۇ جاي ئۆزلۈكىدىن ئېگىزلەپ ـ پەسلەپ تۇرغان.

ھەجەرنى ئىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن، بىۋۋى ھەجەر تېزلا ھامىلدار بولىدۇ، لېكىن بۇ خۇشاللىق ئىش ئۇنىڭ تۇغماس چوڭ خوتۇنى بىۋۋى سارەنى غەزەپلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۈندەشلىكىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىۋۋى ھەجەرنىڭ ئاي، كۈنى يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، بىۋۋى سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئامالسىز قالغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چوڭ خوتۇنىنىڭ زورلىشى بىلەن بىۋۋى ھەجەرنى بىر تۇلۇپ گىياھ، بىر قەترە سۇ بولمىغان دەشتتى باياۋانغا ئاپىرىپ، بىر مۇنچە ئوزۇق - تۈلۈك ھەم سۇ بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىۋۋى ھەجەر ئاشۇ دەشتى - باياۋاندا كۈندەك نۇرلۇق ۋە بەخت - سائادەتلىك بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. بۇ چاغدا بىۋۋى ھەجەرنىڭ سۈيى تۈگەپ كېتىدۇ. ئۇ بوۋاقنى يۆگەپ قويۇپ سۇ ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. بىر چاغدا، سافا تېغىدىن: «بۇ يەردە سۇ بارا» دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ، بىۋۋى ھەجەر سافا تېغىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ، قارىسا، سۇ كۆرۈنمەيدۇ. شۇ چاغدا، مەرۋە تېغىدىن: «بۇ يەردە سۇ بارا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. بىۋۋى ھەجەر يۈگۈرۈپ مەرۋە تېغىغا كېلىدۇ، لېكىن بۇ يەردىمۇ سۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ ئىككى تاغ ئارىسىدا سۇ ئىزدەپ يۈگۈرەيدۇ. ئەسلىدە «بۇ يەردە سۇ بارا» دەپ تۈۋلىغان شەيتان ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بىۋۋى ھەجەر دەرھال بالىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالىسىنىڭ ئىككى پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى، بوۋاقنىڭ تاپىنى تەگكەن يەردىن ئىككى بۇلاق پەيدا بولۇپ، لۆمۈلدەپ چىققان سۇنىڭ ئەتراپقا يامراپ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بىۋۋى ھەجەر ھايلىجاندىن تەمتىرەپ كېتىپ: «زەمزەما» (توختا!) دەپ تۈۋلايدۇ. شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېقىۋاتقان سۇ چىپپىدە توختايدۇ. دېمەك: ئاللاتائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئالدى بىلەن زەمزەمنى ئىنئام قىلغان!

تاۋابچىلار مەسجىدىل ھەرەمنىڭ ئىچىگە تەقلىدىي شەكىل بىلەن ياسالغان ئەنە شۇ سافا بىلەن مەرۋەدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك تاغ ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بەيتۇللانىڭ ئالدىغا قايتىدۇ ۋە كۈن مېردىئاندىن قايرىلغاندا، جامائەت ئۆزلۈكىدىن سەپ راس بولۇپ، لەرزان ئېيتىلىۋاتقان تەكبىرگە ئەگىشىپ رۇكۇدا تۇرىدۇ، سەجدە قىلىدۇ.

ھىجرىيە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى «قىيامدا تۇرۇش» كۈنىدۇر. بۇ كۈنى ھەج تاۋاب قىلغۇچىلار مەككىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەرەفات تېغىغا چىقىدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا تۆكىگە مىنىپ تۇرۇپ، ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلىگەن بۇ خاسىيەتلىك يەردە تىك تۇرۇپ سۈكۈت قىلىدۇ، ئارقىدىن نۇتتەك قىزىق، كىياھسىز بۇ تاغنى تاۋاب قىلىدۇ.

بىر خىل رەڭ، بىر خىل ئۆلچەمدە ئاپئاق ئېھرام باغلىغان، قولىغا ئاق كۈنلۈك تۇتقان 2 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم جىمجىت ياتقان بۇ قاقاس تاغ باغرىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇپ، ئادەم دېڭىزىغا، ھايات قايىنىمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىسسىق تىنىقى، ماشىنىلارنىڭ شاۋقۇنلۇق ھاراردتى، كۆكتە يېلىنجاپ تۇرغان كۈننىڭ ئوتلۇق تەپتى قوشۇلۇپ، بۇ قاقاس تاغ، كۆيۈك زېمىن بەئەينى چوغ ئۈستىدە پىژىلداپ كۆيۈۋاتقان كاۋاپقا ئايلىنىدۇ. ئەقىدە ۋە ئېتىقادنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھەج تاۋاب قىلغۇچىلار مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا قەلبىنى پۈتۈنلەي ئاللاغا تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋاپادار قۇل، مۆمىن بەندە ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئاجىز، كېسەلمەنلەر بەرداشلىق بېرەلمەي، ۋاقىتسىز ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدۇ، بەزىلەر ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىدۇ، تىقما - تىقماقچىلىق ئىچىدە دەسسىلىپ كېتىدۇ! شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى يەنىلا بەختلىك ھېسابلايدۇ، مۇشۇنداق خاسىيەتلىك، مۇقەددەس يەردە جان تەسلىم قىلىپ «جەننەتى» بولغانلىقىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ!...

مەن دېڭىزدەك كۆركىرەپ، چايقىلىپ تۇرغان پايانى يوق ئادەملەر دۇنياسىغا قاراپ، مۇھەببەت بىلەن ئەقىدىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ۋە قەيسەر بولىدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم. بىر خىل كىيىم بىلەن بىر يۆنىلىشكە قاراپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ ھەيۋەتلىك ئادەم ئېقىمى يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى دولقۇنلاپ، بۇژغۇنلاپ كېلىۋاتقان ئاق دېڭىزغا ئوخشايتتى. ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك، ئاق ۋە قارا تەنلىك بۇ ئادەملەر تىلى، چىرايى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن بىر دىنىي ئېتىقاد بىلەن بىر - بىرىگە كىرەلىشىپ، ھەمىرلاش بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇلار مانا مۇشۇ كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنىدىغان ئەرەفات تاغ باغرىدا ئەتىگەندىن كۈن پاتقۇچە تۇرىدۇ. ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى بۇ قاقاس تاغ ئېتىكىدە بولىدىغان پائالىيەتنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىدى:

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى ياسىغان ۋاقىتتا، ئەتراپتىكى بەش تاغدىن تاش ئېلىپ ئىشلەتكەن، پەقەت ئەرەفات تېغىدىن تاش ئالمىغان. شۇ چاغدا، تاغ خۇداغا نالە قىلىپ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىمە ئۈچۈن مۇقەددەس كەئبىگە مېنىڭ تاشلىرىمنى ئىشلەتمەيدۇ؟ دېگەن. خۇدا تاغنىڭ نالىسىنى قوبۇل قىلىپ، مۇنداق ئىمدا قىلغان: ئى، ئەرەفات! سەن رەنجىمە، مېنىڭ بەندىلىرىم كەئبىنى تاۋاب قىلغان ۋاقىتتا، سېنىمۇ قوشۇپ تاۋاب قىلسۇن!

زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى ئەرەفات تېغىغا چىقىش ۋە ئۇنى تاۋابقىلىش ئەنە شۇنىڭدىن قالغان.

تاۋابچىلار ئەرەفات تېغىدىكى پائالىيەتنى تۈگىتىپ، كۈن بىلەن تەڭ ئۇ يەردىن قايتىدۇ ۋە يېرىم يولدىكى «مۇزدەلفە» دېگەن يەرگە كېلىپ تۈنەيدۇ. بۇ يەرمۇ پاكار - پاكار كۆيۈك تاغ باغرىدىكى قۇم - شېغىللىق كەڭرى تۈزلەڭلىك بولۇپ، كىشىلەر قۇم- شېغىل ئۈستىدە ناماز ئوقۇيدۇ، ئىبادەت قىلىدۇ، ئارام ئالىدۇ ۋە ئەتىسى مىنادا شەيتانغا ئاتىدىغان 21 تال تاشنى مۇشۇ يەردىن تېرىۋالىدۇ. ئەسلىدە، مۇزدەلفە- ئۆتەڭ دېگەن سۆزبولۇپ، بۇرۇن كىشىلەر پىيادە ياكى تۆگە بىلەن ئەرەفات تېغىغا چىقىدىغان ۋە قايتىدىغان ۋاقىتتا مۇشۇ يەرنى ئۆتەڭ قىلغان. ھازىرقى كىشىلەرنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ناماز ئوقۇشى ۋە بىر كېچە تۈنىشى مانا شۇنىڭدىن قالغان. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانا شەيتاننىڭ سۆزىگە كىرىپ، مەنئىي قىلىنغان مېۋىنى يەپ قويۇپ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىندىستانغا، ھاۋائانا مۇشۇ يەردىكى جەددە تېغىغا چۈشكەن. ئارىدىن 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار مۇشۇ يەردە قايتا تېپىشقان ۋە جۈپلىشىپ، ئادەمىزاتنى پەيدا قىلغان. تاۋابچىلار مانا شۇنىڭ ھەققىي- ھۆرمىتى ئۈچۈن، بۇ يەردىمۇ ئىبادەت قىلىپ، بىر كېچە تۈنەيدۇ، دېيىلىدۇ!.

تاۋابچىلار زۇلھەججىنىڭ 10 - كۈنى (قۇربان ھېيتنىڭ ناماز كۈنى) يەنە بىر قېتىم جىددىي ھەرىكەت بىلەن مىناغا كېلىدۇ. مىنا مەككىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يەنە بىر مۇقەددەس جاي. تاۋابچىلار بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرىدۇ، ئۈچ كۈن جەريانىدا چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئۈچ شەيتاننىڭ ھەربىرسىگە يەتتە تالدىن جەمئىي 21 تال تاش ئاتىدۇ. ئەسلىدە «زۇمرەت ئاغپا» دەپ ئاتالغان بۇ سايدا «شەيتان» سىياقىدا بىر تاش بولۇپ، تاۋابچىلار شۇنىڭغا قارىتىپ تاش ئاتاتتى. ھازىر ھەج قىلغۇچىلارنىڭ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ سايغا كەڭلىكى 80 - 90 مېتر، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتر كېلىدىغان ھەيۋەتلىك سېمونت كۆۋرۈك ياسالغان، كۆۋرۈكنىڭ ئاستى - ئۈستىگە چىراغ ۋە شامالدۇرغۇچىلار ئورنىتىلغان. نەچچەيۈزمىڭ ھەج تاۋاب قىلغۇچىلار دەۋرەپ كېلىپ، شۇ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا ھەم ئۈستىدە گىرە بولۇپ، ئاۋۋال كىچىك شەيتانغا، ئاندىن ئوتتۇرانچى شەيتانغا، ئاخىرىدا چوڭ شەيتانغا قارىتىپ تاش ئاتىدۇ. قۇرام تاشلار بىلەن مۇنار شەكلىدە ياسالغان بۇ «شەيتان» لارنىڭ ئۈلى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا، ئۈچى

كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. قەيەردە تۇرۇپ ئاتسا بولۇۋېرىدۇ. بۇ يەردىكى كىچىك شەيتاننىڭ ئىسمى: جۇمۇ ئوغرا؛ ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى: جۇمۇرە ئۇستا؛ چوڭ شەيتاننىڭ ئىسمى: جۇمۇرە ئۇكۇپا بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇلارغا قارىتىپ تاش ئېتىشى ـ يامانلىق، رەزىللىك، شۇملۇق ۋە قاباھەتكە قارشى ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ! رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىچىك خوتۇنى بۈۋىھەجەردىن بولغان ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، بىردەم ئايرىلىپ قېلىشقا قىيمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ باللىق مېھرى ـ مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى جېمى ئالەمگە مەشھۇر ئىكەن. بۇ ئىش پەرىشتىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپتۇ ۋە ئۇلار ئاللاغا: «خۇدايا، ئىبراھىم ساڭا دوست، سادىقمەن، دەيدۇ، ئەمما سەندىنمۇ بەك ئوغلىغا مېھرىبان، سادىقتەك قىلىدۇ!» دەپ شىكايەت قىپتۇ. ئاللا پەرىشتىلەرگە ئىبراھىمنىڭ ئۆزىگە دوست، سادىقلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا: «قۇربانلىق قىل!» دەپ ئەمىر قىپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 500 قوي قۇربانلىق قىپتۇ، لېكىن خۇدا بۇنى قوبۇل قىلماي «يەنە قۇربانلىق قىل!»دەپتۇ. ئىبراھىم بۇ قېتىم 1000 كالا قۇربانلىق قىپتۇ، خۇدا يەنە قوبۇل قىلماپتۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 10 مىڭ تۆگە قۇربانلىق قىپتۇ، خۇدا يەنە قوبۇل قىلماي: «قۇربانلىق قىل!» دەپ قايتا ئەمىر قىپتۇ. ئىبراھىم خۇداغا مۇراجىئەت قىلىپ: «ئى، خۇدا،نېمىنى قۇربانلىق قىلسام، دەرگاھىڭدا قوبۇل بولىدۇ؟» دەپتۇ. خۇدادىن پەرمان كەپتۇ: «مەندىن باشقا، نېمىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، شۇنى قۇربانلىق قىل!» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆپ ئويلىنىپ، ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇنى پاكىز يۇيۇپ ـ تاراپ، چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، دالاغا باشلاپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا قەيەردىندۇر بىر شەيتان كېلىپ: «ئى، ئىسمائىل، ئاتاڭ سېنى مىنا تېغىغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرىدۇ. بارما!» دەپتۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ، شەيتان يەنە: «قېچىپ كەتكىن، بولمىساھالاك بولىسەن!» دەپتۇ. شۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئوغلۇم، كىم بىلەن گەپلىشىۋاتىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. «بىر قېرى كىشى كېلىپ، ئاتاڭ سېنى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، قېچىپ كەت، دەۋاتىدۇ!»دەپجاۋاب بېرىپتۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام. «ئوغلۇم، ئۇ شەيتان دېگەن لەنەتكەردى، ئۇنىڭ سۆزىگە ھەرگىز ئىشەنمە، يەنە كەلسە، تاش بىلەن ئۇرغىن!» دەپتۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.

شۇندىن كېيىن،شەيتان يەتتە قېتىم كەپتۇ. ھەركەلگەندە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تاش ئېتىپ شەيتاننى قوغلاپتۇ! شۇنىڭ بىلەن ھەجگە بارغانلارغا شۇ يەردە شەيتانغا يەتتە قېتىم تاش ئېتىش سۈننەتبولۇپ قاپتۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مىنا تېغىغا بېرىپ، خۇدانىڭ رىزالىقىئۈچۈن ئوغلىنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا، يەنە خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر كۆك قوچقارنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا قۇربانلىق قىلىشقا ئېلىپ كەپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇرۇن قىلغان قۇربانلىقىنىڭ خۇدانىڭ دەرگاھىغا قوبۇل بولۇپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا كۆك قوچقارنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكىگە زىيادە خۇرسەن بوپتۇ ۋە «ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر، ۋەلىللا ھىلھەمدۇ»① دەپ تەكبىر ئېيتىپتۇ. شۇندىن باشلاپ، قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىش ۋە بۇ تۆت تەكبىرنى ئېيتىش مۇسۇلمانلارغا ۋاجىب بولۇپ قاپتۇ.

دېمەك، مىنا تېغىغا چىقىپ شەيتانغا تاش ئېتىش، قوي ـ كالىلارنى سويۇپقۇربانلىقىلىش، تەكبىر ئېيتىپ ھېيت ئۆتكۈزۈش ـ مانا شۇ تارىخىي رىۋايەتلەردىن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان «سۈننەت» ۋە «ۋاجىب» لاردۇر.

---

① خۇدا ھەممىدىن ئۇلۇغ، بارلىق مەدھىيە ۋە ماختاشلار خۇدانىڭ ئۆزىگىلا خاس، دېگەن مەنىدە.

ھەج تاۋاب قىلغۇچىلار قۇربان ھېيتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن زۇلھەججىنىڭ 12 - كۈنى مەككىگە قايتىپ، پەرز ھەجنى ئاخىرلاشتۇرۇشى ۋە بەيتۇللا بىلەن سافا - مەرۋەنى ئۈچىنچى قېتىم تاۋاب قىلىپ، يۈگۈرۈپ بولۇپ، ئېھرامدىن چىقىشى شەرت.

ھەج قىلىپ مەككىگە كېلىش ۋاقتىدا، ھەرقانداق ئادەم ئۈستىدىكى ئاددىي ياكى شاھانە كىيىملەر بولسىمۇ سېلىپ تاشلاپ، ئىككى پارچە ئاق رەخت بىلەن بەدىنىنى ئورايدۇ. بۇ «ئېھرامغا كىرىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق قىلىش - باي - كەمبەغەللىكنى، يۇقىرى - تۆۋەنلىكنى ئايرىماي، ھەممە ئادەم باپباراۋەر ھەم پاك، يەكدىل بولۇشنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بەش پەرزنىڭ بەشىنچىسى بولغان «ھەج تاۋاب قىلىش» 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، سەھرايى كەبىرنىڭ غەربىدىكى ئافرىقىدىن ئۇلۇغ ئوكيانغا تۇتىشىدىغان جۇڭگوغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار جاپالىق، مۈشكۈل سەپەر ئۈستىدە خېيىم - خەتەرگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن ياكى مەككە - مەدىنىنىڭ ئاتەش ئىسسىقلىرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار «تەقۋادار شېھىد»، «ھاجى ھەرەم» دېگەن ناملارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلماقتا ۋە بۇ خىل قەيسەر روھ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالماقتا!...

## مەدىنە يولىدا ئويلىغانلىرىم

مەدىنە - مەككىدىن 450 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر مۇقەددەس جايى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى مەدىنە مەسچىتىدە بولۇپ، شۇڭا، ھەج تاۋاب قىلغۇچىلار بۇ يەرگە كېلىپ 40 رەكەت ناماز ئوقۇشى شەرت.

مەدىنەنىڭ يولىدا ھازىر گەرچە كىچىك - كىچىك شەھەرچىلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسمى يەنىلا نىل رەڭلىك، قوڭۇر رەڭلىك، كۆك رەڭلىك كۆيۈك تاغ ۋە قاقاس چۆل. چۆلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن قوش لىنىيىلىك ئازادە ئاسفالت يول كىشىگە گويا چۆلنىڭ قارادۇردۇن بەلبېغىدەك كۆرۈنىدۇ. 450 كىلومېتىر يولنىڭ ئىككى چېتىگە ئوخشاش ئارىلىقتا ئورنىتىلغان نۇر قايتۇرغۇچى سايمانلار بولسا، كېچىسى ئادەمگە خۇددى نۇر ئېقىمى بولۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئوخشاش يېقىملىق، راھەتلىك سېزىلىدۇ!...

مەن ھاۋا تەڭشىگۈچى بار سالقىن ماشىنىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، بۇنىڭدىن 1400 نەچچە يىل بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلارنىڭ مەدىنىدىن مەككىگە پىيادە ھەم تۆگە بىلەن قېچىپ بارغانلىقىنى ۋە كېيىن يەنە مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقىنى؛ بۇنىڭدىن بىرەر يۈز يىل بۇرۇن، ھەج تاۋاب قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرلەرنى پىيادە ياكى تۆگە بىلەن بېسىپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئازابلىق قىسمەتلىرىنى ئەسلەپ، ئويلاپ كەتتىم. ئۇلار بۇ يەرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن، ھىجرەت قىلغان، تاۋاب قىلغان، ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدىغا مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن ئاللاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، مانا شۇ گىياھسىز ئوت - ئاتەش چۆللەردىن، ھاياتلىق تىنىقى ئۈزۈلگەن كۆيۈك تاغلاردىن پىيادە ياكى تۆگە بىلەن ھالقىغان ئاۋاھ!... نېمىدېگەن جاپالىق، مۈشكۈل سەپەر - ھە؟!... مەن ھازىر زامانىۋى ماشىنىدا ئولتۇرۇپمۇ يەنە قىينىلىۋاتىمەن، لېكىن ئۇ چاغدا، ھاۋا تەڭشىگۈچى ئۈسكۈنىلەر نەدە؟! مۇنداق ئۇچقۇر ماشىنىلار نەدە؟!... ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ بۇ ئوتلۇق زېمىنغا كىرگىنىگە تېخى 50 يىل بولدى، ئاۋام خەلق بەھرىمەن بولغىنىغا ئەمدى 20 يىلچە بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۇلار ئوت بىلەن، ئوت چاچقۇچى زېمىن بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئوخشاشلا ھەج تاۋاب قىلغان! ئۇلار دوزاخ ئازابىدەك بىلىنىشىدىغان بۇ

مۇشكۇل يولنى ئاز دېگەندە ئون نەچچە كۈندە بېسىپ بولغىيدى! ئېھتىمال، تولۇمدىكى سۇلىرى تۈگەپ كەتكەندە، ئۇلار ئەشۇ كۆيۈك تاغ، قايناق زېمىننى جان - جەھلى بىلەن ئاقتۇرۇپ، قۇملار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان قامغاقلارنى كولاپ، ئۇنىڭ يىلتىزىدىكى سۇلارنى سىقىپ ئىچىپ، ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان تاتلىق جانلىرىنى تەستە قۇتقۇزغان ياكى شۇ يەردە خۇددى قىزىق تونۇرغا چاپلانغان ناندەك پىشىپ قورۇلۇپ، جانلىرىدىن ئايرىلغان بولغىيدى!...

مەن ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بۇ پايانسىز چۆللۈككە قاراپ، قەيەردىندۇر ئۆتمۈش ھاياتنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرمەكچىدەك يىراقلارغا نەزەر سالدىم. بىردىنلا كۆز ئۆڭۈمدە ھېجرىيىنىڭ 2 - يىلىدىن 7 - يىلىغىچە مانا مۇشۇ ئوتتەك دەشتى - باياۋاندا، ئىسلام ئېچىش يولىدا بولۇپ ئۆتكەن بەدرى، ئوھۇد، خەيبەرگە ئوخشاش تالاي غازاتلارنىڭ قانلىق كارتىنىلىرى بىلەن قىقاس - چۇقانغا تولغان سادالىرى نامايان بولغاندەك بولدى. ھازىر قارىماققا، تىنچ، خىلۋەت، ھەتتا ئۆلۈكتەك كۆرۈنگەن بۇ زېمىن ۋە بۇ تۇپراق ئۆز ۋاقتىدا تالاي - تالاي مۇقەددەس جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تالاي - تالاي باھادىر - پالۋانلارنى ئۆز باغرىدا يۇتۇۋەتكەن سىرلىق، غەۋغالىق يەرلەر ئىدى! شۇنداق، ئىنسانلار ھەمىشە ئەنە شۇنداق ئۇزۇلمەس ئېلىشىشلار ئىچىدە ئۆزىنى يېتىلدۈرگەن، جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتقان! بۇرۇنقىلارنىڭ تۆككەن قانلىرى بىھۇدە ئاقمىنى يوق. بۇ قانلار ھېسابىغا خۇددى قۇمدەك چېچىلىپ، بىر - بىرىگە ئەشەددىي رەقىب بولۇپ كەتكەن ئۇششاق ئۇرۇق - قەبىلىلەر بىرلىشىپ، بۈگۈنكى بىرلىككە كەلگەن، مۇستەھكەم روھىي تۇۋرۇككە ئىگە ئەرەب دۆلىتى بارلىققا كەلگەن، بۇ قانلار ھېسابىغا يەنە ئۆز پۇشتىدىن تامغان قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان ئىپتىدائىي ۋەھشىيلىكتىن، ئادەمنى قەدىرلەيدىغان دەسلەپكى مەدەنىيەت بەرپا بولغان!...

مەن ئاستا كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ دەرىزىسىدىن مېنى چوڭقۇر ئويغا سالغان بۇ قەدىمكىي ئاتەش زېمىنغا قاراپ، تاغ باغرىدا، چەكسىز قۇملۇق ئۈستىدە خۇددى دەريا ئېقىنىدەك جىمىرلاپ، لاپىلداپ تۇرغان ھارارەت ئېقىمىنى كۆرۈپ، بەدىنىمنىڭ كۆيگەندەك بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دېمىسىمۇ، قۇمغا چۈشكەن ئوتتەك كۈن نۇرىنىڭ ئەكس تەسىرىدىن كۆزلەر قامىشاتتى، ئىسسىق تەپتىدىن زېمىن ھۆپۈلدەپ، ھاسىراۋاتقاندەك بىلىنەتتى...

مەن ئەشۇنداق ئوتلۇق جەزىرىنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇلار بىنام ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىۋاتاتتى؛ دەرەخ تىكىپ، بۇ قاقاس چۆللۈككە يېشىل ھايات ئاتا قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، غەيرىتىگە تەھسىن ئېيتتىم. ئېھتىمال، ئۇلار مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ زېمىندا ئۆسۈپ، مۇشۇ ئىقلىمدا، مۇشۇ ھاۋادا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنىمۇ مۇشۇ ئاتەشلىك زېمىن ۋە ئوتلۇق ھاۋا بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋەتكەندۇ!...

دەرۋەقە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى بۇ قۇرغاق، ئىسسىق مەملىكەتنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر مۇنچە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپتۇ. مەسىلەن: بىر دېھقان يەر تېرىيمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ھۆكۈمەت ماشىنا بىلەن ئۇنىڭ يېرىنى ھەيدەپ، ئوغۇتلاپ، قۇدۇق قېزىپ بېرىدىكەن. دېھقان پەقەت ئۇرۇق چېچىپ، پەرۋىش قىلىدىكەن. مايسا ئۈنۈپ چىققان ھامان ھۆكۈمەت يەنە دېھقانغا نەق پۇل مۇكاپات بېرىدىكەن. ئاشلىقنى يىغىپ ساتىدىغان چاغدا، دۆلەت باھاسىدىن ئىككى ھەسسە قىممەت باھادا سېتىۋالىدىكەن. بۇتوغرىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىگە: بىز سىلەرگە ئەرزان باھادا ئاشلىق سېتىپ بېرەيلى، بۇنداق بىھۇدە چىقىم تارتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ دېگەندە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى: بىز سىلەرنىڭ ئەرزان ئاشلىقىڭلاردىن ئون ھەسسە قىممەت زىيان تارتساقمۇ، ئۆزىمىزنىڭ يېرىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئاشلىقىنى تېرىيمىز! دېگەن.

چارۋا مەسىلىسىمۇ شۇنداق. ئەگەر بىرەر كىشى چارۋا باقىمەن، دەپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ھۆكۈمەت بىر قوي ئۈچۈن ئون رىيال (16 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ) مۇكاپات بېرىدىكەن، قويلىرىنى ساتىدىغان ۋاقىتتا، دۆلەت باھاسىدىن ئىككى ھەسسە قىممەت باھادا سېتىۋالىدىكەن. بۇنىڭغا يانداپ، كۆكەرتىش ئىشلىرىنىمۇ چىڭ تۇتۇۋېتىپتۇ. ئەگەر كىمدە - كىم بىرەر تۈپ دەرەخ تىكىپ ئەھيا قىلسا، 100 رىيال مۇكاپات بېرىدىكەن.

دېمەك، بۇ تەدبىرلەر ۋەتىنىنىڭ كېلەچىكى، ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئويلانغان ئاقىلانە ۋە جىددىي تەدبىرلەر ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن، مەيلى مەككىدە، مەيلى مەدىنىدە ۋە ياكى جىددەدە بولسۇن، خۇددى ئالتۇن زۈننارغا قويۇلغان يېشىل ياقۇت كۆزدەك، كۆكلەمەيدانلىقلار، بۈك - باراقسان باغچاقلار پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىش شۇنداق ئەھمىيەت بىلەن تۇتۇلغانكى، ھەتتا بىر تۈپ كۆچەتنىڭ تۈۋىگە نەچچە يۈز مېتر يەردىن سوزۇلۇپ كەلگەن بىردىن سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلغان! مانا بۇ، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئۆستۈرگەن قاقاس زېمىنىنى يېشىللىققا پۈركەپ، تۇرمۇشنى بېزەۋاتقانلىقى، تېخىمۇ ئۈمىدلىك، پاراغەتلىك كېلەچەك ئۈچۈن ئىنتىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

قىسقىسى، گادايلىقتىن بايلىققا، قاقاسلىقتىن يېشىللىققا، تۇرغۇنلۇقتىن تەرەققىياتقا قاراپ يۈزلەنگەن بۇ قەدىمكىي، مۇقەددەس جاي ئۆزىنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ئورنى، شۆھرىتى ۋە سەلتەنىتى بىلەن مەندە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە تەسىرات قالدۇردى!...

## شور دەريا بويىدىكى ئۇلپەتچىلىك

كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا «شور دەريا» توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم. كىشىلەر: «شور دەريادىكى پاراخوتنى يوغان لەھەڭلەر توسۇۋېلىپ، ھەجگە ماڭغانلارنى ئۆتكىلى قويمايدىكەن. شۇڭا، پاراخوتنىڭ ئالدى تەرىپىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ زۇلپىقارىدەك يوغان ئىككى قىلىچ بار ئىكەن، بۇ قىلىچلار لەھەڭلەرنى كېسىپ، شور دەريانى قانغا بويايدىكەن....» دېيىشسە، يەنە كىشىلەر: «ھەجگە ماڭغانلار چۈشكەن پاراخوتلار بەزىدە شور دەريادا كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز توختاپ قالىدىكەن؛ بۇنداق چاغدا پاراخوت باشلىقى يولۇچىلارنى يىغىپ: ئاراڭلاردا مۈشۈك ئۆلتۈرگەنلەر بار ئىكەن، شۇڭا، پاراخوت توختاپ قالدى، دەرھال ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خەقلەرنى كۆزىتىدىكەن، كىمنىڭ چىرايى سارغىيىپ، پۇت-قولى تىترىسە، شۇ ھامان ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ، شور دەرياغا تاشلايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن پاراخوت يەنە مېڭىپ كېتىدىكەن!...» دەيتتى.

مەن كېيىنچە، مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقەتەنمۇ سادىر بولۇپ، بىر مۇنچە ساددا ئادەملەرنىڭ بېلىقلارغا بىھۇدە يەم بولغانلىقىنى بىلدىم. بۇ پۈتۈنلەي نادانلىقتىن، ئالدامچىلىقتىن بولۇۋاتقان جاھالەتلىك ئىشلار ئىدى. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ھەج تاۋاب قىلىش سەپىرىدە ئەنە شۇنداق خېيىم - خەتەرگە، بۇلاڭچىلىققا ۋە ھەر خىل ئالدىنىشلارغا ئۇچراپ، ۋاقىتسىز ھاياتىدىن ئايرىلىپ، غېرىب كېپەن بولۇپ قالغان!

مەن بۇ قېتىم «شور دەريا» دەپ ئاتالغان بۇ سىرلىق يەرنىڭ بويىغا بېرىپ، داۋالغۇپ تۇرغان پايانسىز سۈنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مېنىڭ ئالدىمدا چايقىلىپ، خەرسەڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، ئۆپقۇنلاپ تۇرغان بۇ قۇدرەتلىك سۇ «قىزىل دېڭىز» ئىدى. يايپېيشىل تىنىق سۇ شىددەت بىلەن دولقۇن ئۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈنچە - مارجاندەك چاچراپ چىققان سۈزۈك تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى، جىمىرلايتتى. تىنىماي گۈركىرەپ تۇرغان بۇ ھەيۋەتلىك دېڭىز گويا ئۆزىنىڭ تىنىمسىز قۇدرىتى ۋە يۈكسەك جەلپكارلىقى بىلەن پەخىرلەنگەندەك، شۇنداق بەھۇزۇر ۋە مەردانە ھالدا كۆۋەجەيتتى، قىرغاق سۆيۈپ ئەركىلەيتتى...

مانا شۇ نەمخۇش هاۋالىق دېڭىز بويىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ زامانىۋى كاتتا پورت شەھىرى جىددە بار ئىدى. بۇ يەر مەككە بىلەن مەدىنىگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ شاۋقۇنلۇق، ئازادە كوچىلىرىدا قۇرئاننىڭ مودېلى بىلەن بىللە راكېتانىڭ مودېلىمۇ، مەسچىت بىلەن بىللە زامانىۋى ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىمۇ، مۇسۇلمان بىلەن بىللە يات دىندىكى كىشىلەرمۇ تەڭ مەۋجۇت ئىدى. جىددە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىردىنبىر ئوچۇق شەھەر بولغاچقا، تەرەققىياتى، شەكلى، هاياتلىق رىتىمى باشقا شەھەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىگە قۇرۇلۇۋاتقان يېڭى شەھەر گويا ئەپسانىلەردىكى ئوردا - قەسىرلەردەك شۇنداق كۆركەم، ئازادە ۋە زامانىۋى ئىدى. بۇ يەردە ياشاۋاتقان 2 مىليون خەلق مانا شۇ بىر تەرىپى دېڭىز، ئۈچ تەرىپى پايانسىز چۆل - جەزىرە بىلەن تۇتاشقان بۇ شەھەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇش، گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئالدىراش ئىشلەيتتى...

مەن ئۇن نەچچە قەۋەتلىك، ھەممە يېرى ئەينەك بىلەن سىلىنغاندەك يالتىراپ تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك بىر سودا ماگىزىنىنىڭ 7 - قەۋىتىگە ماشىنا بىلەن چىقىپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھەققەتەنمۇ كارامەت ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدىم. شەھەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىغان بۇنداق كۆركەم، ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار بۇ يەردە خېلى كۆپ ئىدى. ئەگەر بۇ شەھەرنى كېچىسى ئايلانسا، ئادەم ئۆزىنى خۇددى بىر ساماۋى دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك، قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە سېزەتتى...

قىزىل دېڭىزنىڭ بويىدا 13 يەردە دېڭىز سۈيىنى تازىلاش زاۋۇتى بار ئىكەن. شورلۇق دېڭىز سۈيى بۇ زاۋۇتلاردا يۇقىرى ئىسسىقلىق بىلەن پارغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئاندىن سوۋۇتۇلىدىكەن، ئاخىرىدا ھەر خىل ۋىتامىنلىق بىرىكمىلەرنى قوشۇپ تارقىتىلىدىكەن. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ 2 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىگە مۇشۇ تازىلانغان سۇ يەر ئاستى تۇرۇبىلار ئارقىلىق تارقىلىدىكەن. شۇڭا، بۇ يەرلەردە ھازىر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە كۆكەرتىش ئىشلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى تەرەققىي قىلغان ئىكەن ...

مەن جىددەدە ئابدۇغوپۇر ھاجىم ئىسىملىك بىر ۋەتەنداشنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم. قەددى - قامەتلىك، خۇش پېئىل، كەڭ قورساق ۋە دىلكەش بۇ ئادەم ھازىر 70 ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەنىلا ياشلىق كۈچ - قۇدرىتى بەرق ئۇرۇپ تۇرغاندەك تېتىك ۋە روھلۇق ئىدى. 14 ياش ۋاقتىدا، كارۋانلارغا ئەگىشىپ رۇسىيە ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىپ قالغان بۇ ئادەم ھازىر بۇ يەردە كاتتا باي، چوڭ شىركەتنىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئۇ، نەچچە يۈز مىليون دوللارلىق دەسمايىگە ئىگە بۇنداق چوڭ شىركەتنى ئۆز ۋاقتىدا مەككە ۋە رىياد قاتارلىق جايلاردا ناۋايلىق قىلىپ يۈرۈپ تىكلىگەن ئىكەن. مەن بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئاتەش زېمىندا يەنە تونۇرغا بېشىنى تىقىپ، لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوت بىلەن ھەپىلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى ئويلاپ، زادىلا تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمىدىم. ئوت ئىچىدە تۇرۇپ يەنە ئوت بىلەن ھەپىلىشىش بۇ ئادەمنىڭ ھەققەتەنمۇ مۇشكۈل كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئۇنىڭ تاپقان پۇللىرىنىڭ ئەنە شۇ نانىدەك پاك ۋە ھالال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى!

ھازىر بۇ ئادەم ئەنە شۇنداق جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە بەرپا قىلغان، يىللىق ساپ پايدىسى 8 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان كاتتا ئىگىلىكىنى چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىن ھاجىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئاخىرقى ئۆمرىنى دەم ئېلىش، ساياھەت قىلىش ۋە تۇغقان يوقلاش بىلەن تىنچ ھەم خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

ئابدۇغوپۇر ھاجىم 1988 - يىلى تۇغقان كۆرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋەتەنگە كەلگەن ۋاقتىدا،

بىر مەزگىل غۇلجىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردە مۇنداق ئىككى ساۋابلىق ئىشنى قىلغان. بىرى، ھەر يىلى داشۆكە كىرەلمەي، جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرۈيدىغان بىر قىسىم ياشلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، غۇلجا شەھىرىگە چوڭ كۆلەملىك، زامانىۋى كەسپىي مەكتەپتىن بىرنى سېلىپ بېرىش توغرىسىدا يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن توختام تۈزگەن. يەنە بىرى، ئۇرۇغ - تۇغقان، قوشنا - قولۇملار ئارىسىدىكى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولالمىغان 12 جۈپ ياشنىڭ تويىغا ئائىتدارچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆي - ماكانلىق قىلىپ قويغان!... ھازىر ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ ئۈچ ئوغۇل، ئالتە قىز، 46 نەۋرىسى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزى ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاچقا، بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالىي مەلۇماتلىق قىلىپتۇ. بالىلىرىنىڭ كۆپى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئانا تىلىنى بىلىدىكەن.

بۇ ئادەم شۇنچە باي، پۇلدار بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتا ئىددىتىللىق، ئىقتىسادچىل ئىكەن. ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: «ئادەم قولىدىكى مال - دۇنياسىنى ھالالدىن تېپىپ، ھالالغا خەجلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېسابىنى ئېنىق بەرمىسە، يەنىلا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ئەگەر ھارامدىن تېپىپ، يەنە ھارامغا ئىشلەتسە، ئۇنداق ئادەم مەڭگۈ دوزاختىن قۇتۇلالمايدۇ! مەن بىر قېتىم، بەش بالامنىڭ تويىنى بىرلا قىلىپ، 37 قوي سويۇپ، تۆت تاغار گۈرۈچ سالدىم. نۇرغۇن تائام ئېشىپ قالدى، قارىسام، ئاشخانىدىكى ئەرەبلەر ئۇنى تۆكۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مەن دەرھال ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ماشىنا بىلەن ئۆيگە ئەكەلدىم ۋە توڭلاتقۇغا سېلىپ قويدۇم. بالىلىرىم: بۇنى تۆكۈۋەتمەي نېمە قىلىسەن؟ دەپ غۇدۇراشتى. مەن ئەتىسى بۇ تائاملارنى يەنە ماشىنىغا سېلىپ، ھېلىقى غۇدۇرىغان بالىلىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ، يوقسۇللار ئولتۇرىدىغان مەھەللىگە ئېلىپ باردىم. ئۇ يەردىكى يېتىم - يېسىرلار بۇ تائاملارنى كۆرۈپ، بىردەمدىلا تالاپ كەتتى. مەن شۇ چاغدا بالىلىرىمنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ قويدۇم، ئۇلارمۇ خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراشتى. دۇنيادا داندىن، ناندىن، گۆش - مالدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق. ئۇنى خارلاش ئادەم ئۆزىنى خارلىغانغا ئوخشاش!...»

مەن بۇ تەقۋادار ئادەمنىڭ گەپ - سۆزىدىن، ۋۇجۇدىدىن ئاددىي - ھالال ئەمگەكچىگە خاس بىر خىل پەزىلەتنى، ئالىيجانابلىقنى كۆرگەندەك بولدۇم!

بىر كۈنى بۇ ئۆيگە پاكىستانلىق بىر «ئەۋلىيا» كېلىپ قالدى. ئابدۇغوپۇر ھاجىم بۇ ئادەمنىمۇ قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن غېرىبلىقنى، مۇساپىرچىلىقنى ئۆتكۈزۈپ، يەتكۈچە دەرد تارتقاچقا، ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق غېرىب، مۇساپىرنى خۇدايى مېھمان سۈپىتىدە ئالاھىدە كۈتۈۋالىدىكەن. 60 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان، ئوتتۇرا بويلۇق، چاساقال بۇ پاكىستانلىق ئۆزىنى «جىنكەش» دەپ تونۇشتۇردى، مەنمۇ دەسلەپ ئىشەندىم، ئابدۇغوپۇر ھاجىممۇ ئۆزىگە ۋە بالىلىرىغا ئوقۇتماقچى بولدى.

ئۇ كەچلىك تاماقنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن ھوزۇرلىنىپ يېدى، ياتارغا يېقىن ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ ئاغرىق پۇتىغا ئوقۇدى ۋە بىر تال تاياق بىلەن ھۇرۇپ، سۇفكۈچ قىلدى، كەچتە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ قالدىم.

ئەتىسى، پۈتۈن ئائىلىدە ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرغان بىر خەۋەر تارقالدى: كېمىدۇر بىرسىنىڭ 3 - قەۋەت (بىز ياتقان قەۋەت)نىڭ ئىشىكى ئالدىغا سېلىپ قويغان بىر جۈپ تېرەت كەشى 4 - قەۋەتكە (ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ چوڭ قىزىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا) چىقىپ قاپتۇ. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھېلىقى پاكىستانلىق ئەۋلىيانىڭ كارامىتى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ پاكىستانلىق «ئەۋلىيا»غا نىسبەتەن ئىشەنچى، ھۆرمىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئەتىسى كەچتە، ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ ئىككىنچى كۈيئوغلى ئابدۇلئەزىز ئۇنىڭغا

ئوقۇتماقچى بولدى. «ئەۋلىيا» دەسلەپ بىر غولاچ يىپ بىلەن ئۇنىڭ بويىنىنى ئۆلچىدى، ئاندىن ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ ئوقۇدى، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى يىپ بىلەن يەنە ئۇنىڭ بويىنىنى ئۆلچىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يىپنىڭ دەسلەپكى ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ، بۇ ئادەمگە جىن چاپلاشقان ياكى چاپلاشمىغانلىقىنى بىلىدىكەن. مەن بۇ ئەۋلىيانىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىگە ئۆجۈر - بۇجۇرىغىچە زەڭ سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ «ئەۋلىيا»لىقىغا دەر گۇماندا بولۇپ قالدىم. چۈنكى ئابدۇلئەزىزنىڭ بويىنىنى قايتا ئۆلچىگەندە، ھېلىقى يىپنىڭ بىر ئۇچىنى ئالقىنىدا ئازراق يوشۇرۇپ ئالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن يىپ بۇرۇنقىدىن كالتە چىقاتتى، ئابدۇلئەزىزگە جىن چاپلاشقان بولاتتى، «ئەۋلىيا» بىر نەچچە كۈن ئوقۇيتتى، بىر مۇنچە پۇلغا ئىگە بولاتتى!...

ئۈچىنچى كۈنى كەچتە، گۇمانىم توغرا چىقىپ، «ئەۋلىيا»نىڭ پۈتۈنلەي ئالدامچى، كاززاپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ قالدى. بۇنىڭغا ئىككى ئىش سەۋەب بولدى: بىرسى، ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ چوڭ كۈيئوغلى - خۇش پېئىل، بىلىملىك كىيانشاھ (خوتەن قاراقاشلىق) «ئەۋلىيا»نى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ئىنىسىنىڭ تۇغماس خوتۇنى ئۈچۈن دېمىدە قىلغۇزدى. «ئەۋلىيا» بىر نەچچە كىچىك تەخسىنىڭ يۈزىگە زەپەر سۈيى بىلەن ئاللىقانداق بىر نەرسىلەرنى پەلكۈشلەپ يازدى. بۇنى ھېلىقى تۇغماس ئايال سۇ بىلەن چايقاپ ئىچسە، ھامىلدار بولىدىكەن. مەن بۇنى ئوچۇق - ئاشكارا ئادەم ئالداش، دەپ چۈشەندىم. مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، ھامىلدار بولۇش، پەرزەنت كۆرۈش ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش! ئاللانىڭ ئۆز بەندىسىگە قىلىدىغان بۇنداق ھىممەت - شاپائىتىنى قانداقمۇ بىر جاھانكەزدى جىنكەشنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى ئادا قىلالىسۇن؟! بۇ ئاپئاشكارا ئازغۇنلۇق ئەمەسمۇ؟! ئىككىنچىسى، «ئەۋلىيا» بىز ياتقان ئۆيدە بىر نەچچەيلەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، بۇلۇڭدىكى ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن بىر دانە قاشتېشى بۇيۇمنى تۈيدۈرماي ئېلىپ، يەنە بىر قېتىم «تەرەت كەشى كارامىتى»نى پەيدا قىلماقچى بولغاندا، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان بىرەيلەننىڭ كۆرۈپ قېلىشى بىلەن مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي قالدى! شۇنىڭ بىلەن «ئەۋلىيا» ئۆزىمۇ خۇدۇكسىرەپ قالدىمۇ - قانداق، تۆتىنچى كۈنى غىپپىدە يوقاپ كەتتى. ئابدۇغوپۇر ھاجىممۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە پۇت ئاغرىقىنى شۇنچە ئوقۇپ، ھۆرۈپ ساقايتالمىغان «ئەۋلىيا»دىن سەل - پەل رايى قايتىپ قالغاندەك، قايتا ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلمىدى. مېنىڭ نەزىرىمدە، پاكىستانلىق بۇ جاھانكەشتى «ئەۋلىيا» ئاقكۆڭۈل، ساددا-نادان ئادەملەرنى ئالداپ جان باقىدىغان، ئۇلارغا جاھالەت جەبىرسىنى سالىدىغان مۇناپىقتەك تۇيۇلدى. چۈنكى قۇرئاندىكى «سۈرە بەقەر»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۈچۈن دىنىنى دەسمايە قىلىدۇ. مانا شۇنداق ئادەملەر مۇناپىقتۇر!» بۇ خىل قىلمىشلار تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئىسلام دىنى نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ياكى شۇ دىنىنىڭ بەزى توغرا ئەقىدىلىرىگە قىستۇرۇلۇپ بازار تاپقان، ئىسلامغا زىت، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە خىلاپ، ھاياتقا مۇخالىپ جىنايى قىلمىشلاردۇر! ھېلىقى پاكىستانلىق «ئەۋلىيا»غا ئوخشاش مۇنداق ئادەملەر خۇددى «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»تا كۆرسىتىلگەندەك: «ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ھەريانلارغا قاتراشلىرى - ئالدامچىلىق بىلەن خەلقتىن نەرسە ئېلىش ۋە كېچىسى كېلىپ ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن ھەريانغا كۆز سېلىشتىن ئىبارەتتۇر!»

مەن جىددەدە ھەپتە تۇردۇم. قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئاۋات، شاۋقۇنلۇق بۇ قەدىمكى

شەھەرنىڭ رەڭگا - رەڭ تۇرمۇشى مەندە خېلى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ساخاۋەتلىك، تەقۋادار ئابدۇغوپۇر ھاجىم ۋە ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن، بىلىملىك، ئەخلاقلىق پەرزەنتلىرىنىڭ مەندە سەممىمىي دوستلۇق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغاتتى!...

## ئاخىرقى سۆز

ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپەر ئوچېركلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مەن بۇنىڭ ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمدە قانداق تەسىرات قوزغايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. چۈنكى رەڭگا - رەڭ ئىجتىمائىي ھاياتمۇ خۇددى تەبىئەت دۇنياسىغا ئوخشاش، كىشىلەردە ئوخشىمىغان زوق، ئوخشىمىغان تەسىرات ۋە ئوخشىمىغان ھېس - تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. ھەر ھالدا مەن ئۆز ھېسسىياتىمغا، پىكىر، تەسىراتلىرىمغا سادىق بولدۇم. قەلبىمدە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئويغاتقان نەرسىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈردۈم، مەدھىيىلىدىم ... كۆزۈمگە سىغمىغان، تەسەۋۋۇرۇمدىن ھالقىپ كەتكەن نەرسىلەرگە ھەيران بولدۇم، ئەپسۇسلاندىم. ئىشقىلىپ، نېمىنى كۆرگەن، نېمىنى ئاڭلىغان، نېمىنى ئويلىغان، نېمىنى ھېس قىلغان بولسام، شۇ بويىچە ئەينەن يازدىم. ئەمدى قالدى باھانى ئادىل ئوقۇرمەنلەر بېرەر، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

1992 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

---

(بېشى 74 - بەتتە)

△ گۈل كۆرۈنسە، يېنىدا يۈز تىكىنى بولىدۇ، بىر مەئىشەت بولسا، ئارقىسىدىن مىڭ ئازارى بولىدۇ.

△ مېۋە قانچە ئوخشىغانسېرى ئېتىلىدىغان تاشمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

△ كاندىن گۆھەر قانچە كۆپ چىققانسېرى كانچى ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە پارە - پارە قىلىدۇ.

△ دۇنيانىڭ ئىشى يارىتىلغاندىن بۇيان دۈشمەنلىكتىن ئىبارەت بولغاچقا، ئالىملار خار، جاھىللار ئەزىز.

△ مەنسەپدار بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنمەك - نىجاسەتنى يىپەك لىباس بىلەن يېپىش دېمەكتۇر.

△ پاشا ئادەمنىڭ بويىنىغا قونۇۋېلىپ چاقىدۇ، لېكىن بىر شاپىلاق بىلەن تەييار بولىدۇ.


△ كىمىكى ئاسمانغا تاش ئاتسا، ئۇ تاش كېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىنى يارىدۇ.


△ مېۋىنىڭ مېغىزى بولغاچقا، ئۇنىڭ پوستىمۇ بولىدۇ، ئادەمنىڭ دۈشمىنى بولغاچقا، ئۇنىڭ دوستىمۇ بولىدۇ.

△ جىننىڭ ماكانى باياۋاندۇر، گۈلشەن ئۇنىڭ كۆزىگە زىندان بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت**






## ھېكمەتلەر

ئەلىشىر نەۋائىي

△ كەمتەرلىك ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مېۋىلىك بېغى، ئادەمگەرچىلىك ئالىمىنىڭ جەۋھەرلىك تېغىدۇر. كەمتەرلىكنى ھادىسىلەر دۇنياسىدا كىشىلىك كېمىسىنىڭ لەڭگىرى دېسە ۋە ئىنسانلىق مىزانىنىڭ گۆھىرى دەپ نىسبەت قىلسا بولىدۇ...

شامال گەرچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلسىمۇ، يەڭگىل ۋە مىقدارسىزدۇر. تاغ گەرچە تۇپىغا پېتىپ ياتسىمۇ سۈلەتلىك ۋە سالماقتۇر. ئۇنىڭ زېمىنىدا ئوتقا يېقىلىدىغان خەس - خەشەك بار، ئۇنىڭ ئىچىدە شاھ تاجىغا قادىلىدىغان پارلاق لەئەل تېشىمۇ بار.

△ بىر ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلىش گۆدەكلەرنىڭ ئىشىدۇر. سەۋر - تاقەت بىلەن ئىش قىلغۇچى تەجرىبىلىك ئۇلۇغ كىشىدۇر.

△ ھىممەت ئەھلىنىڭ ئىختىساسى - ساخاۋەت؛ بۇ ئۇلۇغ سۈپەت - پاك كىشىلەرگە خاستۇر. ئادەم بىر بەدەن بولسا، ھىممەت ئۇنىڭ جېنىدۇر...

△ تەكەببۇرلۇق - شەيتانىنىڭ ئىشى، مەنمەنلىك - نادانىنىڭ ئىشى. تەكەببۇر ئادەم - ھەممىگە يېقىمسىز... مەغرۇر كىشى ئۆز بىلىمى بىلەن ماختىنىدۇ، ئەمما بىلىمدان كىشىلەر ئالدىدا بولسا ئەيىبدار.

△ گەپ توشۇغۇچىلار ئەلنىڭ گۇناھىنى ئۆز بويىنىغا يۈكلىۋالغۇچىلاردۇر. چېقىمچىلىق ھەتتا راست گەپ بولسىمۇ كۆڭۈلسىزدۇر، يالغانچىلىق بولسا تېخىمۇ نەپرەتلىكتۇر. گەپ توشۇغۇچىنىڭ خاھى چوڭى، خاھى ئەڭ كىچىكى - دوزاخ ئوتىنىڭ تۇترۇقىدۇر.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مۇتەللىپ پالتاجى**


△ ئەي تەلەپ ئۆيىدە جاي ئىگىلىگەن، قەددىنى خىزمەت يۈكى پەس قىلغان ئادەم!

ئەل يولىدا دەرد چېكىپ، زەررىگە ئايلاندىڭ، ئاشۇ زەررە بىلەن كىبىر كۆزىنى كور قىلدىڭ.

△ تەربىيىنىڭ بىرى بالىغا ياخشى ئات قويۇش بولۇپ، ئۇنى ئېتى بىلەن چاقىرغاندا ئۇ ئۇيۇلىدىغان بولماسلىقى كېرەك.

△ ئىت تەربىيە ئالغىنى سەۋەبلىك، ئۇ چىشلەپ كەلگەن ئوۋ ھالال ھېسابلىنىدۇ.

(ئاخىرى 75 - بەتتە)







## —— مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئامموۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى جانلاندۇرغانلىقى توغرىسىدا

ئۆمەر ھامۇت

قانداق قىلغاندا چەت - ياقا رايونلاردا ئامموۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقىلى بولىدۇ؟ مەكىت ناھىيىسىنىڭ تەجرىبىسى: خادىم، راسخوت، مۇئەسسەسە ۋە ئامموۋى مەدەنىيەت پائالىيەت بىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مەكىت — تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا، تىزناپ دەرياسى ۋادىسىنىڭ



ئاخىرىغا جايلاشقان توققۇز يېزا، ئۈچ دېھقانچىلىق مەيدان، 137 كەنتتىن تەركىب تاپقان يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى. يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ ناھىيە يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىپ، دېھقانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1987 - يىلى ئۆز ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، مۇنداق ھېسابلىدى: ماددىي بايلىق يارىتىش يولىدىكى كۈرەش قانچىكى كۈچەپ ئېلىپ بېرىلغانسېرى مەنىۋى تۇرمۇش ماس قەدەمدە بېيىتىلمىسا ئۇنى مەنىلىك كىشىلىك تۇرمۇش دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق تونۇش ئاساسىدا ئىش كۆرۈپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئارقىلىق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پۇختا ئاساس سالدى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا 13 يىل مول ھوسۇل ئالدى. ئۆتكەن يىلى ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1200 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ھەممە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى (مەدەنىيەت مەركىزى)، 132 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى، 48 ئىدارە - جەمئىيەتتە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى قۇرۇلدى. ناھىيىدىكى كىنوخانا يەتتىگە، كىنو قويۇش ئەترىتى 18 گە، كىنو قويۇش نۇقتىلىرى 183 كە يەتتى. بۇ سورۇنلار ناھىيىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى جانلاندۇرۇشنى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە قىلىپ، «دولان مەشرىپى ۋە دېھقان رەسساملار يۇرتى»نىڭ يېڭى ئوبرازىنى تىكلىدى.

بۇ ناھىيىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى جانلاندۇرۇشتىكى تەجرىبىسى مۇنداق:

**1. مەدەنىيەت خىراجىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.** ئۇلار بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر تەڭ پۇل چىقىرىش، پۈتۈن جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 1 مىليون 355 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلىدى. بۇ پۇل ئارقىلىق يېزا مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى، مەدەنىي مەشغۇلات قورال - سايمانلىرىنى تولۇقلاش، مەدەنىيەت پونكىتى خادىملىرىغا ئىش ھەققى بېرىش، گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە خىراجەت يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ جانلىنىشىنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلدى.

**2. مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.** بۇ ناھىيە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كونىراپ كەتكەن ۋە ھازىرقى تەلەپكە ماس كەلمەيدىغان مەدەنىيەت پونكىتلىرى (ئۆيلىرى) نى ئەپلەپ-سەپلەپ رېمونت قىلدۇرماستىن، ئۇنى توپ مەيدانى، كىنوخانىسى (يازلىق)، قىرائەتخانا، مەجلىسخانا، ئىشخانىسى بار زامانغا لايىق مەدەنىيەت پونكىتى قىلىپ، يېڭىدىن سالدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە يېزا - بازارلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئومۇميۈزلۈك يېڭىلىنىپ، ئۆيلىرى ئازادە، يورۇق، مەدەنىي مەشغۇلات قورال - سايمانلىرىنىڭ تۈر، خىلى ۋە سانى بىر قەدەر تولۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەت سورۇنىغا ئايلاندى. كەنتلەردىكى مەدەنىيەت ئۆيلىرىدىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ناھىيە بويىچە مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىدە ساقلىنىۋاتقان گېزىت ۋە كىتاب - ژۇرناللار 120 مىڭ پارچىدىن ئېشىپ كەتتى.

**3. مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ خىزمەتچى-**

**خادىملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.** بۇ ناھىيە مەدەنىيەت پونكىتلىرى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئەدەبىيات-سەنئەتتىن خەۋىرى بار، مەلۇم تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە خىزمەتچى خادىملار بولۇشى كېرەك، دەپ قاراپ، ھەر قايسى يېزا-بازاردىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرىدا ئىككىدىن ئۈچكىچە مەخسۇس خىزمەتچى خادىم بار بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. كەنتلەردىكى مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىرى ياكى كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە باشقۇردى. كەنت ئۇلارنىڭ يىللىق مەجبۇرىي ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن سىرت، مۇۋاپىق ئىش ھەققى بەردى.

ناھىيە مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرى تېما بەلگىلەپ، كۈچ تەشكىللەپ يېزىپ چىققان ئاممىۋى مەدەنىيەتكە دائىر 44 پارچە ئىلمىي ماقالىدىن بىر قوللانما تۈزۈپ ئۇنى مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ خادىملىرىغا تارقىتىپ بەردى ۋە ھەر بىر تۈر، ھەر بىر كەسىپ بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ھۆددىگەرلىك تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ، ئەمەلىيلەشتۈردى. ھەر بىر خادىمدا بىردىن كەسىپ بولۇش، بىرگە قادىر، كۆپكە ماھىر بولۇش، يىل بېشىدا پىلان بولۇش، ئايدا تەكشۈرۈش، يىل ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك خۇلاسە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت پونكىتلىرى خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بەردى.


**4. ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەت پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.** ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە 18 قېتىم مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەت خىراجىتىنى توپلاش - باشقۇرۇش ئۇسۇلى، يېزا - بازارلاردا كىنو قويۇش، مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى باشقۇرۇش، كىتاب تارقىتىش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاپ رەتلەش جەھەتلەردىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق بەلگىلىدى. ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم، ئىدارە، كومىتېت ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىدە بىر ئۈلۈش مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئۆز ئارا ماسلىشىشنى كۈچەيتتى. شۇڭا ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغىلا يۈكلىنىپ قالمىدى. ناھىيە ئورۇنلاشتۇرغان تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەر كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈلدى. ئىشتىن سىرتقى دولان ئەلنەغمە ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ تايانچى خادىملىرىنى ناھىيە بويىچە 846 گە يەتكۈزدى، بۇنىڭدىن باشقا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى بىلەن مائارىپ ئىدارىسى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا دولان مەشرىپىنى ئۆگىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1600 دىن ئارتۇق ئۆسمۈرگە دولان مەشرىپىنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ چىقتى. ئۇلار ئىشنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاسان، ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك تۈردىن باشلىغاچقا، دولان مەشرىپى ناھىيىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىدىكى ئىشتىراكچىلىرى، ئۆتكۈزۈلگەن قېتىم سانى ئەڭ كۆپ بىر تۈر بولۇپ قالدى. پەقەت 1990-يىلىدىن بۇيان يېزا-بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن دولان مەشرىپى كېچىلىكى 283 قېتىمغا، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئۇيۇشتۇرغىنى 35 قېتىمغا يەتتى.

ناھىيە ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىدە دولان مەشرىپىنى ئاساسلىق تۈر قىلىپ تۇتۇش بىلەن بىللە، باشقا تۈرلەرگىمۇ ئەھمىيەت

بەردى. ناھىيە ۋە يېزىلارنى بىرلىك قىلىنغان ھالدا 13 قېتىم دولان قەلەمكەشلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئاچتى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى 37 قېتىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

بۇ ناھىيە يەنە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەستىقى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئۈچ توپلامدىن باشقا، «دولان ناخشىلىرى»، «دولان دەرياسى»، «دولان بۈرغۈنلىرى» قاتارلىق ئۈچ ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشىر قىلدۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ناھىيە تەۋەسىدىكى 60 تىن ئارتۇق دېھقان رەسسام، خەتتات، فوتوگرافلارنى تەربىيىلەپ ۋە ئىجادىيەتكە يېتەكلەپ، دېھقان رەسساملارنىڭ 37 قېتىم رەسىم كۆرگەزمىسى، دېھقان خەتتات ۋە ھۆسن خەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ 26 قېتىم ھۆسن خەت كۆرگەزمىسى، فوتوگرافلارنىڭ 31 قېتىم فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا كۈچلۈك ئىلھام بېرىلدى ۋە بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. 1987 ـ يىلىدىن بۇيان تۆت دېھقان رەسسامنىڭ يەتتە پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتلىك كۆرگەزمىلەردە 1 ـ لىكتىن 3 ـ لىككىچە باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

بۇ ناھىيە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا يەككە تۈردىكى پائالىيەتلەرنى يىل بويى ئۈزۈلدۈرمەسلىك، كۆلىمى چوڭ، مەزمۇنى مول پائالىيەتلەرنى قەرەللىك ئۆتكۈزۈشنى تۈزۈملەشتۈردى. بۇ ئارقىلىق ناھىيىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1990 ـ يىلى ناھىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئىتى بايرىمىغا ناھىيە بويىچە 18 ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى، 3892 ئادەم قاتناشقان، ئۇنى 30 مىڭغا يېقىن ئادەم كۆرگەن بولسا، ئۆتكەن يىل دېكابىردا يېزىلارنى ئاساس قىلىپ ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئىتى، مەدەنىيەت تەنتەربىيە بايرىمىدا ھەر قايسى يېزىلار 36 تۈردە ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇنى كۆرگۈچىلەر 40 مىڭ ئادەمگە يەتتى. بۇ پائالىيەتلەر ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، بۇ ناھىيىنىڭ 230 كىشىلىك دولان ئۇسسۇلى ئۆمىكى تەكلىپ بىلەن نومۇر كۆرسىتىپ، يىغىن تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. يېقىندا بۇ ناھىيىنىڭ دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن 11 كىشىلىك دولان مەشرەپچى ئەلنەغمە ئۆمىكى گۇاڭجۇغا تەكلىپ بىلەن بېرىپ، بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن سودا يەرمەنكىسىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئالقىشقا ئېرىشتى.



ساپ ۋىجدان بوھتاننىمۇ،
شۆھرەتنىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ.

ئاقىلنىڭ تىلى كۆڭلىدە، نادان ئادەمنىڭ كۆڭلى تىلىدا

ئالتۇن رەڭدىن ... قەدىرلىك

بىلىم ... ئۆگىنىش ...


ۋاقىت زەر

بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق
بىلىمسىزنىڭ ساپاسى يوق

بۇ بەتتىكى ھۆسنخەتلەرنى تۇرسۇن قۇربان يازغان (ئاقسۇ)

ئادەم ئەلنىڭ
ئاتلىقنى ...
...
ئاقىۋەت ...

دوستى كۆپنىڭ جېنى ئازادە
دوستى يوقنىڭ ئۆزى ئازابلىق



كۈسەن قىزى (ماي بوياق رەسىم) پەرھات ئىبراھىم سىزغان

《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文） «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 1992 - يىل 6 - سان

编辑：《新疆文化》编辑部·出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆·印刷：《新疆日报》印刷厂·发行：乌鲁木齐市邮局·订阅：各地邮局（所）。

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65－1073/1
本刊代号：58－22　定价：伍角

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1
ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 22. باھاسى 0.50 يۈەن